1993 3

- ئىسمائىل ئەھمەد: مىللەتلەرگە ئائىت نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا
- ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەر
- ئۆرپ - ئادەتلەر توغرىسىدا
- يۇغۇر مىللىتى ۋە سۆزەن يۇغۇر ...



# مىللەتلەر ئىتتىپاقى

UNITY OF NATIONALITIES

# قورغاستا باھار

ى جىشۈن ماقالىسى ۋە فوتوسى





قورغاس شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا جايلاشقان. ئۇ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئۆتۈشتىكى مۇھىم قورۇقلۇق پورتى، شۇنداقلا قەدىمى يىپەك يولىنىڭ شىمالدىكى مۇھىم ئۆتەڭ. 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ روسىيە سودىگەرلىرى مۇشۇ ئېغىز ئارقىلىق ئىلىمىزنىڭ ئىلى رايونىدىكى خەلقلەر بىلەن سودا - سېتىق ئېلىپ بارغان. بىراق ئارىلىقتا ئېغىز تاقىلىپ، 1983 - يىلىغا كەلگەندىلا قايتا ئېچىۋېتىلگەن. بۈگۈنكى كۈندە، قورغاس پارتىيىنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش سىياسىتى ۋە 14 - قۇرۇلتاينىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا جۇشقۇن ھاياتى كۈچكە تولغان باھارنى كۈتۈۋالدى.





قورغاستىكى تاموژنا بىناسى ۋە مېھمانخانا

چېگرادىن ئۆتۈشنى كۈتۈپ تۇرغان چەت ئەللىك مېھمانلار

قورغاس چېگرا سودىسى بازىرىدىن بىر كۆرۈنۈش

رازىمەنلىك بىلەن قايتىش

| | |
|---|---|
| 1 | 2 |
| 3 | 4 |

بىز ھەممىدىن ياخشىسىنى تاللاپ بولالمايمىز،

ھەممىدىن ياخشىسى بىزنى تاللىسۇن.




پۇرسەت — كەلدى - كەتتىسىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئاشىق. ئۇنىڭ كېلىپ - كېتىشىنى ئالدىن بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇ ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ ھەقىقەتەن كېلىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

دەۋر، كىشىلەر بىر مەھەل نەزەرىدىن ساقىت قىلىپ قويغان پۇرسەتنى تەقدىر ئىلاھىنىڭ مۇنبىرىگە چىقىرىپ قويدى.

كىشىلەر پۇرسەت ئۈچۈن مەجنۇن بولۇشماقتا، پۇرسەتمۇ كىشىلەر ئارىسىدا لايىق ئىزدىمەكتە. نەچچە قېتىم ئۇنى كەتكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن بىز ئاندىن شۇ ئەمەلىيەتنى ھېس قىلىمىزكى: پۇرسەت ھەممىگە باراۋەر ئەمەس.

شۇنداق، پۇرسەت ھەممىگە باراۋەر ئەمەس. ئۇ ھەممە كىشى ياقتۇرىدىغان ئاشىق. بىراق ئۇ، ئاشىقىنى دەپ ئۆزىنى ئۇنتۇش دەرىجىسىگە يەتكىنى يوق. ئۇ شۇنچىلىك بېخىل ئىكەنكى، ياقتۇرمىغان ئادىمىگە نەزەرىنىمۇ ئايايدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆيۈپ كۈل بولۇۋاتقىنىمىز بىلەن پەرۋايى پەلەك، ئۇنىڭ ئۆزى ياقتۇرمىغان كىشىگە قارار كۆزى يوق. ئۇ پەقەت بىزگە يېقىنلاشقاندا بىزنىڭ ئۆزىگە نېمىلەرنى، قانچىلىك تەييارلىغىنىمىز بىلەن ھېسابلىشىدۇ.

# پۇرسەت ھەممىگە باراۋەر ئەمەس

پۇرسەت، پەقەت تەييارلىقى بار ئادەملەرگىلا مەنسۇپ. بېكىنىۋېلىپ پۇرسەت كۈتكەنىنىڭ پايدىسى يوق. تەييارلىق كۆرۈش كېرەك، پۇرسەتنى كۈتۈۋېلىشقا لازىملىق بولغان: ماددىي، ئەقلىي، تېخنىك، كىشىلىك مۇناسىۋەت، پىسخىكى ... جەھەتلەردىن تەييارلىق كۆرۈش كېرەك. مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى بىلەن مەغلۇپ بولغۇچىنىڭ ئەسلى ھېچقانداق پەرقى يوق. پەقەت بىرسى كۆڭۈل - كۆكسى كەڭ، يىراقنى كۆرەلەيدىغان ئادەم، يەنە بىرسى چۈشكۈن، ئىرادىسىز ئادەم. پۇرسەت بىزگە قاراپ كەلگەندە، بىزدە ئۇنى بويسۇندۇرۇشقا ئىشەنچ ۋە جاسارەت بارمۇ يوق، بۇ غەلىبە قىلىشنىڭ تۈپ ئاساسى.

ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك، پۇرسەت ئامەت ئىشىكىمىزنى شۇنداقلا چەككەن ئىكەن، قەتئىي ئىككىلەنمەستىن ئۇنىڭ رىتىمى بىلەن سەپەرگە ئاتلانساق، كارۋان قاتارىغا ئۆتىمىز. ئېھتىمال شۇ تاسادىپىيلىق بىزنى مۇۋەپپەقىيەت شارابىدىن بەھرىمەن قىلىشى مۇمكىن.

ھەقىقەتەن كىشىلىك ھاياتتا تۇرغۇنلىغان تاسادىپىيلىق ۋە مۇقەررەرلىك بار، بىراق كىشىلىك ھاياتنى ئىگىلەشتە چوقۇم غەيرەت - جاسارەت، ئەقىل - پاراسەت، ئىگىلىمەس - سۇنماس روھ بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا پۇرسەتنى ئىگىلىيەلەيمىز.

# مۇندەرىجە

## نەزەرىيە ۋە مۇھاكىمە


مىللەتلەرگە ئائىت نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتەيلى ..............
.............................. ئىسمائىل ئەھمەد (4)
قانداق قىلغاندا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ خىزمىتىنى كۈتۈۋالغىلى بولىدۇ......
..................................ئۇۋياگسۇڭ (11)
جىگرا رايونىدىكى ئاپتونوم ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى قانداق ئىسلاھ
قىلىش كېرەك..................... دۇۋەن ئىرىبۇي، يەن ۋىنفا (17)


## مىللەتلەر ۋە ئاپتونوم جايلار


ئۇيغۇر مىللىتى ۋە شۇنەن ئۇيغۇر ئاپتونوم ناھىيىسى .........
..........................................ئەلسۆيەر (22)
مېنىڭ يۇغۇر مىللىتىم، مېنىڭ چىلىيەنشەن تېغىم ..........................
................................................ تۆمۈر (25)


## مىللەت ۋە ئۆرپ-ئادەتلەر


ئۆرپ -ئادەتلەر توغرىسىدا ...................... ئابدۇكېرىم راخمان (26)
ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ...... ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق(29)


## شەخسلەر


ئابدۇكېرىم نەسرىدىن ۋە ئۇنىڭ ماي بوياق ئەسەرلىرى ....................
..........................................جەي جيەنجۇن (32)
تەكلىپ مەستانىسى ............................... لەن جېچى(34)


## دۇنيا مىللەتلىرى


پاكىستاندىكى ئاھالىسى كۆپ مىللەتلەر ..............................
.......................................ئۆمەر موللا تەييارلىغان (36)
فرانسۇزلارنىڭ گۈل تەقدىم قىلىش ئادىتى .......................(37)


## مىللەت خەزىنىسى


ئۇيغۇر پىچىقى ............................ ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت (39)
چىرىيىنىڭ قىرىمچىلىق سەنئىتى ..................................
...........................................مەتتۇرسۇن ھەسەن (41)





دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا چىقىدىغان سىياسىي، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ژۇرنال

ئومۇمىي 28 - سان

باش مۇھەررىر:
**ئىدرىس بارات**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**ئەكبەر ئېلى**
نۆۋەتچى مۇھەررىر:
**خەمىت نىغمەت**




قىرغىز



چاۋشيەن

# مۇندەرىجە

## مىللەت نەزەرىيىسى


«مىللەت پسىخولوگىيىسى» ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە ............ ئېلشۋالدى ئەيسا (43)


## تەرمىلەر


ئېلېكترونلۇق مېڭە ۋە «قۇرئان كەرىم» ........................... (45)
ھەر قايسى ئەل ئاياللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ........................... (48)
ئاق مۈچ ۋە تۇخۇم بىلەن بۆرەك كېسىلىنى داۋالاش ............... (48)
ئەڭ تېز يۈگۈرەيدىغان بويىزۇ بوۋاي ........................... (49)
«ئاق تۇكلۇك ئادەملەر» ئارىلى ........................... (49)
نېمە ئۈچۈن «نىكوتىن» دەپ ئاتىلىدۇ........................... (49)
ئادەم مەڭگۈ تۇنۇگۈنكى كۈندە ياشاۋەرمەسلىكى كېرەك ............... (41)
چەت ئەللىكلەر بىلەن سودا قىلغاندا ........................... (20)
بازار ئىگىلىكى ۋە كۆز قاراش جەھەتتىكى ئالتە چوڭ ئۆزگىرىش ..... (52)
كىشىلىك ھايات ۋە شاھمات ........................... (50)


## يېڭى ئىزاھلار


شەيتان لۇغەت ........................... (53)


## دەردىڭگە دەرمان بولاي


ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب ........................... (54)


## گۈلدەستە


قوغۇنچى بوۋاي ........................... ۋەلى ئاچىل (56)
كىچىككىنە ساۋاق ........................... ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر (62)
يۇمۇرلار ........................... (60)


## فوتو سۈرەت گۈلزارى


مۇقاۋىدا: تەبەسسۇم ........................... ئادىل فوتوسى
2ـ بەتتە: قورغاستا باھار ........................... شى جىشۇن فوتوسى
3ـ بەتتە: سودىغا كىرىشكەن «بىرىم دۇنيالار» ........... لى خۇي فوتوسى
ئوتتۇرا رەڭلىك بەتتە: ئابدۇكېرىم نەسىردىننىڭ ماي بوياق ئەسەرلىرىدىن تاللانما ......
ئوتتۇرا قارا بەت 1ـ: فەن چاڭخۇەن ئەسەرلىرىدىن تاللانما ...............
ئوتتۇرا قارا بەت 2ـ: فوتو سۈرەت ئەسەرلىرىدىن تاللانما...............
4ـ بەتتە: سەھەر ۋە كەپتەر ............... ئابدۇكېرىم نەسىردىن سىزغان





«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرناللار نەشرىياتى نەشر قىلدى
ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22ـ قورۇ) پوچتا نومۇرى: 830000
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
تاق ئايلارنىڭ 25ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
ھەر يىلى 5ـ ۋە 10ـ ئايلاردا جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ
ۋەكالەت نومۇرى: 117 ـ 58
خەلقئارالىق پوچتا ۋەكالەت نومۇرى:
BM 178U




بويىزۇ



خىجى

# مىللەتلەرگە ئائىت نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتەيلى

— دۆلەت كومىسسارى، قوشۇمچە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى

ئىسمائىل ئەھمەد



جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ۋە جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان مىللەت نەزەرىيىسى سىستېمىسىنى ئىجادكارلىق بىلەن بەرپا قىلىپ، جۇڭگونىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا توغرا يول تېپىپ مېڭىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى پارلاق نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا، بىزنىڭ مىللەتلەرگە ئائىت نەزەرىيىمىزدە يېڭى تەرەققىياتلار بولۇپ، جۇڭگونىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئەمەلىيىتىدە داۋاملىق توغرا يولنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللەت نەزەرىيىسى سىستېمىسى شەكىللەندى.

مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى يولغا قويۇش بىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئاساسىي پرىنسىپىمىز ۋە ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرىمىز. مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ ئاز-كۆپ بولۇشى، تارىخىنىڭ ئۇزۇن-قىسقا بولۇشى، تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيىتى ئۈچۈن تۆھپە قوشقانلىقىنى، ئۇلار بىردەك باراۋەر بولۇشى كېرەكلىكىنى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش؛ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە، تىل-يېزىق، ئۆرپ-ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش؛ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، قانۇن جەھەتتىكى باراۋەرلىك ھوقۇقىنى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ۋە ھەرقايسى ساھەلەردە تولۇق گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشىش كېرەك. مىللىي باراۋەرلىك — پارتىيىمىزنىڭ مىللىي مەسىلە جەھەتتە ئىزچىل كۆتۈرىدىغان بايرىقى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە — دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي تۈزۈمى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىگە قوشقان زور تۆھپىسى. نەزەرىيە جەھەتتە، پارتىيىمىز مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە — مىللەت ئامىلى بىلەن رايون ئامىلى، سىياسىي ئامىل بىلەن ئىقتىسادىي ئامىل ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تۈزۈم ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە مەركەزنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ئاستىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىگە، تەرەققىياتىغا پايدىلىق تۈزۈم. ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرى داۋامىدا ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئورتاق گۈللەندۈرۈش — پارتىيىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى تۈپ مەيدانى، پارتىيىمىز بۇ مەسىلىنى نەزەرىيە جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە سۈپىتىدە كەڭ ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلدى. پارتىيىمىز ئاللىبۇرۇنلا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا سەممىيلىك بىلەن ياردەم بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئىسلاھات ئېچىۋېتىش داۋامىدا، پارتىيىمىز بۇ مەسىلىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەكشى راۋاجلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەكلىكىنى كۆرسەتتى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئاساسىدا، دۆلەتنىڭ ياردىمى ۋە خەنزۇ رايونلارنىڭ مەدەت بېرىشىگە ئېرىشىش ئارقىلىق ئۆز تەرەققىياتىنى تېزلىتىشى لازىملىقىنى شەرھلەپ ئۆتتى؛ دۆلىتىمىزدە ھازىرقى باسقۇچتىكى مىللىي مەسىلە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى جىددىي تەلەپ قىلىشىدا بىر قەدەر مەركەزلىك ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئېرىشىشىدىكى بىردىنبىر يولى ئىكەنلىكىنى؛ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش — مىللىي خىزمەتنىڭ يېڭى دەۋردىكى تۈپ ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ نەزەرىيىلەر مىللىي رايونلارنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدا مۇھىم يېتەكچىلىك ۋە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشى ۋە ئورتاق گۈللىنىشى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ماھىيىتى بەلگىلىگەن، ئۇ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتىدىكى تۈپ مەيدانى. مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش يالغۇزلا ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، ئۇ نۆۋىتىدە سىياسىي مەسىلە بولىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «سوتسىيالىزم پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈۋېتىشنى ئەمەس، بەلكى ئورتاق بېيىشنى مەقسەت قىلىدۇ». بۇ بىز ئۈچۈن نىشان كۆرسىتىپ بەردى. يولداش جياڭ زېمىن مەركىزىي كومىتېت ۋە گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن قىلغان مۇھىم سۆزىدە مۇنۇلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ شەرھلەپ ئۆتتى: «ھازىرقى باسقۇچتا دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلە

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىساد مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى جىددىي تەلەپ قىلىشىدا بىر قەدەر مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ»، «ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش — سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللىي خىزمەتنىڭ توپ ۋەزىپىسى، ھەرقايسى مىللەتلەر بىر - بىرىگە ياردەم بېرىپ، ئورتاق راۋاجلىنىش ۋە گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك». بۇ بىزگە شۇنى ئېنىق ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇكى، سوتسىيالىزم دەۋرىدە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش — بىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى توپ يولىمىز.

پارتىيىنىڭ 14 - قۇرۇلتىيى شۇنى تەكىتلەپ كۆرسەتتىكى، ھازىرقى باسقۇچتا جەمئىيىتىمىزدىكى ئاساسىي زىددىيەت — خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي، مەدەنىيەت ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلغان - قىلمىغانلىقىنى خىزمىتىمىزنىڭ توغرا - ياكى خاتا بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىش كېرەك. بىز ئىنقىلاب قىلىش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، سوتسىيالىزم قۇرۇشتا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلىمىز. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولغان ھەر قانداق مىللەت ھازىرقى زامانغا لايىق مىللەت بولالمايدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، لېكىن يەنىلا ئومۇمىي ئەھۋالنى ھېسابقا ئېلىپ، پەيتنى ئىگىلەپ، قەدەمنى تېزلىتىش، بارلىق كۈچنى سەرپ قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشتۇر، شۇنداقلا ئۇ بىر ئىنقىلاب، دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. بۇ مۇھىم نەزەرىيە بىزنىڭ ئىدىيىمىزنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، بىزنىڭ ئىسلاھاتنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇردى. جەمئىيەت ئالغا قاراپ راۋاجلىنىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى چوقۇم بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرۇش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىمىز پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاش، ئىلگىرى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى يولغا قويغان، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ماس كېلىدىغان تەرىپىمۇ، بىر - بىرىگە ماس كەلمەيدىغان تەرىپىمۇ بار، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بۇنداق بىر - بىرىگە ماس كەلمەيدىغان تەرەپ بارغانسېرى گەۋدىلىك ئىپادىلەنمەكتە. ئىسلاھات دەل ئۇ توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالغا بېسىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى. پارتىيىنىڭ 14 - قۇرۇلتىيىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي

تۈزۈلمە ئىسلاھاتى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى نىشان قىلدى. شۈبھىسىزكى، مىللىي رايونلارمۇ باتۇرلۇق بىلەن مۇشۇ نىشانغا قاراپ مېڭىشى كېرەك. بۇ مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىدا يەنە بىر قېتىملىق ئۇلۇغ ئىسلاھات بولۇپ قالىدۇ. مىللىي رايونلارنىڭ تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلمىغان، بازارلارنىڭ يېتىلىش دەرىجىسى تۆۋەن، بازار ئىگىلىكىگە قانداق قىلىپ ئوڭۇشلۇق ئۆتۈش ئەڭ مۇھىم نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىسى، بۇ جەھەتتە كۆڭۈل قويۇپ ئىزلىنىش ۋە ئۇزاق مۇددەت تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ تۈرلۈك بازارلارنى بەرپا قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئىچكى بازارلار بىلەن خەلقئارا بازارلارنى تۇتاشتۇرۇش مەسىلىسى، بازار مېخانىزمىدىن پايدىلىنىش ۋە دۆلەتنىڭ ئومۇمىي كونتروللۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇش مەسىلىسى، بازار مېخانىزمى ئاستىدىكى مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىيات ستراتېگىيىسى، تەرەققىيات نىشانى مەسىلىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوبدان ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر. بۇنىڭدىن كېيىن، مىللىي رايونلارنىڭ ئىسلاھاتى ئاساسەن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىك مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشنى مەركەز قىلىش نىشانى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇكى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى مېخانىزمى پۈتكۈل دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى غايەت زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ، ئوخشاشلا مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئوخشاشلا ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىدىكى بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يول. بۇنداق ئېچىۋېتىش چەت ئەللەرگىمۇ، مەملىكەت ئىچىگىمۇ ئېچىۋېتىلگەن ئەتراپلىق ئېچىۋېتىشتۇر. ئىشىكنى ئېچىۋەتكەن مىللەتلا، دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ، باشقا رايونلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتەلەيدۇ. باشقا مىللەتلەر، باشقا رايونلار بىلەن ئۆز ئارا ئارتۇقچىلىقنى قوبۇل قىلىپ، كەمچىلىكىنى تۈگىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتەلەيدۇ. تارىخىي ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قايسى مىللەت ئىشىكنى قانچىكى كەڭ ئېچىۋەتسە، شۇ مىللەتنىڭ تەرەققىياتى شۇنچىكى تېز بولىدۇ، قايسى مىللەت قانچىكى بەك بېكىنىۋالسا، شۇ مىللەتنىڭ زامان بىلەن بولغان پەرقى شۇنچىكى چوڭ بولىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى جۇغراپىيىلىك، گۇمانىتارلىق، بايلىق مەنبەسى جەھەتتە ئۆزگىچە ئۈستۈنلۈككە ئىگە لېكىن بۇنداق ئۈستۈنلۈك ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىدى، بۇ ئەھۋاللارنى ئاساسەن تەبىئىي جۇغراپىيىلىك شارائىتنىڭ چەكلىمىسىدىن باشقا، ئاساسلىقى كونا تۈزۈلمىنىڭ ئاسارىتى ۋە ئىدىيە جەھەتتىكى مۇتەئەسسىپلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزى بىزگە كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال بولۇپ، بىزنىڭ بېكىنمىچىلىك ئىدىيىۋى قارىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۈگىتىپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىشىمىزگە ئىلھام بەردى. مەركەز چاقىرغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى چېگرىدىكى مىللىي رايونلارنى ئېچىۋېتىش جەھەتتە مۇھىم ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى: «قۇرۇقلۇق چېگرىلىرىنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىشنى پۈتكۈل ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىشىمىز كېرەك»، «بىز دېڭىز بويلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەندەك، قۇرۇقلۇق چېگرىلىرىنىڭ

تەرەققىياتىغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك». بۇ مىللىي رايونلارنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشى ئۈچۈن كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قوشتى. بىز خىزمەتنى پۇختا ئىشلەش ئارقىلىق، مىللىي رايونلارنىڭ ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ۋاقىت ئىچىدە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يەنىمۇ چوڭ تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرۈشىمىز كېرەك.

مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، دۆلەت يۆلەش، تەرەققىي تاپقان رايونلار ياردەم بېرىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. شۈبھىسىزكى، ھەر قانداق مىللەت، ھەر قانداق رايوننىڭ تەرەققىياتىدا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىچكى كۈچلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ھەر مىللەت خەلقى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش ئىسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش، مېڭىنى ئىشقا سېلىپ، ئىككى قولنى ئازاد قىلىپ، پۇختىلىق بىلەن باش چۆكۈرۈپ قاتتىق ئىشلەش ئارقىلىق، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىش داۋامىدا يېڭى سەھىپە يېزىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەتمۇ زۆرۈر ياردەملەرنى بېرىپ، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش - تىزگىنلەش ئالاقىدار سىياسەتلەرنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش ۋاقتىدا، مىللىي رايونلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، مىللىي رايونلارنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ئوبدان ئۇرغۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. تەرەققىي قىلغان رايونلار ئۆز ئارا پايدا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ھەر خىل جانلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تېخىمۇ ئوبدان راۋاجلىنىشىغا ياردەم بېرىپ، ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئورتاق ۋە تەكشى راۋاجلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي رايونلارنىڭ جامائەت ئىشلىرىنى مۇناسىپ ھالدا راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ئىقتىساد بىلەن جەمئىيەتنىڭ تەكشى راۋاجلىنىشى بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ ۋە ئۆز ئارا بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ زۆرۈر شەرتى. بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بولغان پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىلمىي تەتقىقاتنى، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىي تەتبىقلاشنى كۈچەيتىپ، پەن - تېخنىكىنى ئىقتىسادقا تېخىمۇ ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ، رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، تىرىشىپ مىللىي رايونلارنىڭ مائارىپىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مائارىپىغا ماسلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇپ، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ لاياقەتلىك ئىختىساسلىق خادىملارنى يەتكۈزۈپ بېرىش، ئەقلىي كۈچ جەھەتتىن كۈچلۈك مەدەت بېرىش كېرەك. زامانىۋىلاشتۇرۇش داۋامىدا، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ساپاسىنىمۇ داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، ئۇ مىللەتلەرنى ئىلغار مىللەتلەرنىڭ قاتارىدا تۇرىدىغان قىلىش كېرەك.

نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي - مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ

رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى ئارقىسىدا، ھەر مىللەت خەلقى قان بىلەن گۆشتەك بىر - بىرىگە باغلاندى، بىر - بىرى بىلەن قەلبداش بولدى. بۈگۈنكى كۈندە دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىنتايىن ئىناق بولماقتا. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قېرىنداشلارچە ئىتتىپاقلىقى كۈندىن - كۈنگە مۇستەھكەملەنمەكتە، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت ئۈزلۈكسىز راۋاجلانماقتا، بۇ — ئاساسىي تەرەپ. يەنە بىر تەرەپتىن، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت يەنىلا مەۋجۇت ھەمدە مەلۇم شارائىت ئاستىدا تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. ئىقتىسادىي ساھەدە، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، پەرق مەۋجۇت، شۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان زىددىيەت ھازىرقى باسقۇچتىكى مىللىي زىددىيەتتە گەۋدىلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۇنداق زىددىيەت، ئاساسەن، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش يولى بىلەن ھەل قىلىنىدۇ. باشقا بەزى ساھەلەردە، مەسىلەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان تىل - يېزىقى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى بەزى رايونلاردا تېگىشلىك دەرىجىدە ھۆرمەت قىلىنمىغان ئەھۋالدا كېلىپ چىققان ماجىرا ۋە زىددىيەتلەرنى پارتىيىنىڭ خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش فاڭجېنى ۋە ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەل قىلىش كېرەك. قانۇنغا خىلاپ مەسىلەرنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مىللىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ھەرىكەتلىرىگە قارىتا، ھەر مىللەت خەلقىگە چىڭ تايىنىپ، قىلچە مۇرەسسەسىز كۈرەش ئېلىپ بېرىش، قانۇن بويىچە قەتئىي قايتۇرما زەربە بېرىش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز ئۈچۈن، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ھاكىمىيىتىمىزنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىياتى ئۈچۈن ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم. پارتىيىنىڭ 14 - قۇرۇلتىيىدا، سوتسىيالىزم قۇرۇشتا «ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا تايىنىش كېرەك» دەپ كۆرسىتىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي مۇناسىۋەتنى ئەستايىدىل تەڭشەپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ياخشى مۇھىتتا ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشى، ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ماركسىزملىق مىللەت قارىشى توغرىسىدا تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئىدىيە جەھەتتە، ھەرىكەت جەھەتتە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش جەھەتتىكى ئۇيۇشۇش كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىر - بىرىگە باراۋەرلىك ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىشى، ئۆز ئارا ياردەملىشىشى، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىشى، بىر - بىرىگە ھۆرمەت قىلىشى، بىر - بىرىدىن ئۆگىنىشىنى تەشەببۇس قىلىپ ۋە ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاڭلىق قوغدىشىنى قانۇنىي مەجبۇرىيەت ۋە ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتكە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، توغرا مىللەت نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلدى، توغرا مىللىي سىياسەت تۈزۈپ چىقتى، ئەمەلىيەت بۇ نەزەرىيە ۋە سىياسەتلەرنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، دەۋرنىڭ

ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان قەدىمى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ بىزگە قويغان تەلىپى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مىللەت نەزەرىيىسى خىزمىتىدە يەنىلا ناھايىتى زور پەرق مەۋجۇت. مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتىدا چېكىنىش مەۋجۇت، بەزىدە يېڭى شەيئىلەرنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىش يېتەرسىز بولماقتا؛ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ئىجادكارلىق يېتەرلىك ئەمەس، بەزى چوڭ - چوڭ رېئال مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشىمىز يېتەرسىز بولۇۋاتىدۇ؛ مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى قوشۇنىنىڭ سانى تولۇق ئەمەس، ئۇنىڭ سۈپىتىنىمۇ ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

يولداش جياڭ زېمىن 14 - قۇرۇلتايدا بەرگەن سىياسىي دوكلاتىدا مۇنداق كۆرسەتتى: يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى بولۇپ، بىزنىڭ يېڭى تارىخىي ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال. بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، بۇ نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا، مىللەتلەرگە ئائىت نەزەرىيە تەتقىقاتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىز كېرەك. تەتقىقاتتا نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش، ئەمەلىي تەتقىقاتقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە مىللىي رايونلارنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى زور نەزەرىيە مەسىلىلىرىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان زور رېئال مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشنى تەتقىقاتنىڭ ئاساسىي تېمىسى قىلىش كېرەك. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق ئومۇملۇق خاراكتېرنى ئالغان مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ تەتقىق قىلىش كېرەك. تەتقىقات ئارقىلىق، مىللىي رايونلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ۋە مىللىي رايونلارغا ئائىت پەۋقۇلئاددە مەسىلىلەرنى ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.. نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، بىزنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىمىز جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك مىللەتلەر نەزەرىيىسى، مىللىي رايونلاردىكى بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن دۆلەتنىڭ رايونلار سىياسىتىنى ماسلاشتۇرۇش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشى ھەم ئۇنىڭغا قارىتا قوللىنىلىدىغان تەدبىرلەر قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. تەتقىقاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تەتبىقلاشقا قارىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاساسىي نەزەرىيە تەتقىقاتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇش لازىم.

(مەزكۇر ماقالە يولداش ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ مەملىكەتلىك مىللەتلەر نەزەرىيىسى مۇھاكىمە يىغىنىدىكى نۇتقى بولۇپ، ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىش ۋاقتىدا، ئاز - تولا قىسقارتىلدى)

# قانداق قىلغاندا پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ خىرىسنى كۆتۈۋالغىلى بولىدۇ

ئوۋ ياڭسوڭ

1

تاموزنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمىگە قاتناشقان دۆلەتلىك ئورنىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىغا نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئوخشاش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشىمۇ جۇڭگودا مۇقەررەر يوسۇندا ئىنتايىن كەڭ ۋە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلىدۇ. ئىچكى جايلاردىكى مىللىي رايونلارغا قارىتا ئېيتقاندا، ئۇ ھەم بەزى يېڭى شەرت - شارائىت ۋە ئىمكانىيەتلەرنى تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ، ھەم بەزى يېڭى تەلەپ ۋە مەسىلىلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇڭا، ئۇ پۈرسەتمۇ يارىتىپ بېرىدۇ، مۇسابىقىمۇ ئېلان قىلىدۇ.

بىرىنچى، ئۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن يېڭى ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ.

مىللىي رايونلارنىڭ كۆپىنچىسى بايلىق مەنبەسى مول رايونلار، شۇنداقلا يەنە كۆپىنچىسى مەبلەغ، تېخنىكا، ئۇچۇر كەمچىل رايونلاردۇر. بۇنداق «بىرى مول، بىرى كەمچىل» بولۇش كىشىلەر نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان ئىزچىل ھالدا چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنسىمۇ ھامان چىقىپ كېتەلمەيۋاتقان بىر غەلىتە چەمبىرەككە ئايلىنىپ قالدى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشى بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆپ خىل يول ھازىرلاپ بېرىدۇ. بىرىنچىدىن، رايونلار ئىگىلىكىنىڭ قۇرۇلۇشى بايلىق مەنبەلىرىنى كەڭ كۆلەمدە بىرلىشىپ ئېچىش ئۈچۈن كەڭ ئىستىقبال ئېچىپ بېرىدۇ.

رايونلار ئىگىلىكى بىرلىككە كەلگەن چوڭ بازارغا ئۆتۈشتىكى زۆرۈر پەلەمپەي بولۇپ، ئۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن. ئۇ ھازىر كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، چاڭجياڭ ۋادىسى شاڭخەينى باشلامچى، پۇدۇڭنى ئېچىشنى ۋە سەنشيا قۇرۇلۇشىنى ئاچقۇچ، چاڭجياڭ دېلتىسى ۋە دەريا ياقىلىرىدىكى رايونلارنى ئېچىش بەلبېغى قىلىپ تېز تەرەققىي قىلماقتا. جۇجياڭ دېلتىسى مىسلى كۆرۈلمىگەن شىجائەت ۋە كۈچ بىلەن ئاسىيادىكى «تۆت نوچى» غا يېتىشمەكتە. ھالبۇكى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرىدىكى 90 پىرسەنتتىن ئارتۇق ناھىيىدىن يۇقىرى ئاپتونومىيىلىك جايلار ئورۇنلاشقان جەنۇبىي جۇڭگو، غەربىي جەنۇبىي رايونلار مۇشۇ ئىككى چوڭ ئىقتىسادىي ئىسسىق نۇقتا رايوننىڭ ئىچىگە ۋە ئۇنىڭغا قوشنا جايلارغا ئورۇنلاشقان. دەل مۇشۇنداق جۇغراپىيىلىك ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۇز ئارا تولۇقلاش مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن ئىچكى جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى يۇقىرىدىكى ئىقتىسادىي رايونلارنىڭ ئەزاسى، دېڭىز ياقىلىرىدىكى بەزى جايلارنىڭ ھەمكارلاشقۇچى شېرىكلىرىدىن بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. مىللىي رايونلارنىڭ بايلىق مەنبەلىرىنى بىرلىشىپ ئېچىش شەكلى بارغانسېرى كۆپىيىشى، ئۈنۈمىمۇ بارغانسېرى ياخشى بولۇشى مۇمكىن.

ئىككىنچىدىن، ئىچكى جايلارغا قاراپ كېڭىيىۋاتقان «ئۈچ خىل مەبلەغ» كارخانىلىرى مىللىي رايونلارنىڭ بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن مەبلەغ، تېخنىكا ۋە ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بېرىدىغان يېڭى ئاساسىي گەۋدىگە ئايلىنىپ قالدى.

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، بىر قىسىم مەبلەغنىڭ دېڭىز ياقىلىرىدىن ئىچكى جايلارغا ئېقىشىدەك يېڭى بۇرۇلۇش يەنە ئاستا ـ ئاستا باش كۆتۈرمەكتە. مەسىلەن، شىاڭگىشى ئاپتونوم ئوبلاستى ئۆتكەن يىلى 9 ـ ئايدا شىاڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىقتىساد ـ سودا كېڭىشىش يىغىنىدا بىراقلا ئومۇمي مەبلەغ سوممىسى 32 مىليون دوللاردىن كۆپ بولغان 20 توختام، كېلىشىم ئىمزالىغان، ئەمەلىي ئىشلەتكەن چەت ئەل مەبلىغى 17 مىليون دوللاردىن كۆپرەككە يەتكەن. شۇنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇكى، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ مەبلەغ سېلىش ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاشىدۇ، قىزىقىشى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئىچكى جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈش پۇرسىتىمۇ جەزمەن تېخىمۇ كۆپىيىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئىچكى جايلارنىڭ بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش تېزلىشىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، كۆپ خىل شەكىلدىكى مەبلەغ مىللىي رايونلار ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان تەرەققىيات مەبلىغىنىڭ يېڭى مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ.

ئالدىنقى يىللاردا تەرەققىياتى تېزرەك بولغان جايلارنىڭ كۆپىنچىسى بازار مېخانىزمىنى كۆپرەك قوللانغان جايلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە جامائەت مەبلەغ توپلاش شەكلىنى قوللىنىپ ئېچىش بىلەن شۇغۇللانغانلار بار، ۋەھالەنكى بۇ جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارنىڭ مىسالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بازار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشى بۇنداق شەكىلنى قانۇنلاشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ كېڭىيىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بېرىدۇ. مىللىي رايونلار «ئېلىپ كېلىش»كە جۈرئەت قىلالىدىغانلا بولسا ئۆزلىرىنىڭ مەبلەغ يېتىشمەسلىك جەھەتتىكى زىددىيىتىنى جەزمەن زور دەرىجىدە پەسەيتەلەيدۇ، بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش سۈرئىتىنى زور دەرىجىدە تېزلىتىدۇ.

ئىككىنچى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى بازارلارنىڭ كېڭىيىشىگە شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ.

، بىر رايون تەرەققىي تاپالمىسا، ئۇنىڭ بايلىق مەنبەسى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى مەھسۇلات جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈككە ئايلىنالمايدۇ، ئەمما بىر رايوندىكى بازار كېڭەيتىلمىسە، مەھسۇلات ئۈستۈنلۈكىنى تاۋار ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرغىلى بولمايدۇ. ئىلگىرى، مەملىكەت خاراكتېرلىك بىر تۇتاش بازار شەكىللەنمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئۇرغۇن جايلار ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يەرلىك قوغدىنىشنى يولغا قويغان ئىدى، نەتىجىدە ھەم باشقىلارغا تەسىر يەتكۈزدى، ھەم ئۆزىگە تەسىر يەتكۈزدى. بۇ جەھەتتە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى ۋە مالىيە كۈچى قاتارلىق جەھەتلەردىكى چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن ئۇچرىغان تەسىرى تېخىمۇ چوڭ بولدى. سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن بازار مۇقەررەر شەكىللىنىدۇ، ئۆتكەندىكى سودا توساقلىرىمۇ بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت شىددەتلىك ئېقىم تەرىپىدىن يىمىرىلىدۇ، مىللىي ئىگىلىك سىستېمىسى باشقا ئىگىلىك سىستېمىلىرى بىلەن ماددىي ئەشيا، ئېنېرگىيە، ئۇچۇر جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ باردى ـ كەلدى قىلىشىدۇ، ئىقتىسادىي بايلىق مەنبەسىنىڭ يۆتكىلىشى كۈچىيىدۇ، مىللىي رايونلارنىڭ تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ يۆتكىلىشى ۋە يۆتكىلىش داۋامىدا تېخىمۇ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشى يەنە مۇقەررەر ھالدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ئوبيېكتى — كارخانىلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقى، ئاكتىپلىقىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە قوزغايدۇ، ئىچكى ھاياتىي

كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ مىللىي رايونلاردا يۈرۈشلەشكەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى، مىللىي رايونلاردا ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىشنى جەزمەن ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە باشقىلار.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئىچكى جايلاردىكى مىللىي رايونلارغا تۈرلۈك پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ، لېكىن ئۇ بۇ رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى مەسىلىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ ۋە رايونلارنى يېڭى خىرىسقا دۇچ كەلتۈرىدۇ. چۈنكى بۇنداق ئىقتىسادىي تۈزۈلمە يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان تاۋار ئىگىلىكى ئاساسىدا بەرپا قىلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇ نۆۋەتتە ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق يۇقىرى ئۈنۈمنى ئىشقا ئاشۇرىمىز دەيدىكەنمىز، مۇقەررەر يوسۇندا رىقابەتلىشىشنى تەشەببۇس قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مىللىي رايونلار دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 40 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 14 يىلدىن بۇيان ناھايىتى زور تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، تارىخىي، تەبىئىي قاتارلىق كۆپ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى يەنىلا ناھايىتى ئاجىز، تاۋار ئىگىلىكىمۇ ئانچە تەرەققىي قىلالمىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، مەيلى سودا بىلەن شۇغۇللىنىش ئەمەلىي كۈچى ياكى سودا بىلەن شۇغۇللىنىش تەجرىبىسى جەھەتتە بولسىمۇ، ئۇلارنى دېڭىز ياقىلىرىدىكى رايونلار ھەتتا باشقا رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق رىقابەت ئوخشاشمىغان باشلىنىش نۇقتىسىدىن قىلىنىدىغان رىقابەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلپىگە ئاساسلانغاندا، كەمچىل بايلىق مەنبەلىرىنى ئاساسەن بازار ئارقىلىق ئۈنۈمى يۇقىرى، پايدىسى ئەڭ ياخشى ھالقىلارغا سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. نىسبەتلەشتۈرۈپ ئېيتقاندا، مىللىي رايونلاردا ئۈنۈم تۆۋەنرەك، شۇڭا بازار ئارقىلىق ئېرىشىدىغان بايلىق مەنبەسىمۇ مۇقەررەر ھالدا ئازراق بولىدۇ. ئەمما بازار ئارقىلىق تەڭشەش مەملىكەت مىقياسىدا ئاساسلىق ئۇسۇل قىلىنىدىغانلىقتىن، پىلان ئارقىلىق تەڭشەش مەيلى ئومۇمىي مىقدارى ياكى تەڭشەش پرىنسىپى، ئۇسۇلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى زور دەرىجىدە تەڭشىلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىملىق تەقسىماتتا مىللىي رايونلارغا سىياسەت خاراكتېرلىك بەزى سېلىنمىلار سېلىنسىمۇ، سېلىنمىنىڭ مىقدارى ۋە سېلىش ئۇسۇلى جەھەتتىمۇ مۇناسىپ ئۆزگەرتىشلەرنىڭ بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

«تۇغما ئاجىزلىق» مىللىي رايونلاردىن تەرەققىياتنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ «كېيىنكى بىتەرسىزلىك» بۇ رايونلاردىن تەرەققىياتنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆز كۈچىگە تايىنىش ئۈستىگە قويۇشنى بەلگىلىگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، بازار رىقابىتى بۇ رايونلاردىكى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ بازار ئىگىلىكىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىدىيىۋى كۆز قاراشلىرى، پەن - مەدەنىيەت ساپاسى، كارخانىلارنىڭ ساپاسى، باشقۇرۇش - سېتىش ئىقتىدارى قاتارلىقلارغا مۇسابىقە ئېلان قىلىدۇ.

2

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، مىللىي رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئەۋزەل ۋە كەمچىل تەرەپلىرى قايسىلار؟ مېنىڭ قارىشىمچە، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن بازار بەرپا قىلىش تەلىپى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ جەزمەن تارىخ ئېقىمىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئۆزىدىلا بار باشقىلاردا يوق ياكى باشقىلاردا ئاجىز، ئۆزىدە كۈچلۈك نەرسىلەر بولۇشى كېرەك. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، مىللىي رايونلارنىڭ ئەۋزەللىكى ئاساسەن بايلىق مەنبەسى، جايلاشقان ئورنى ۋە سىياسەت جەھەتتىكى

ئەۋزەللىكتىن ئىبارەت. بۇ بىر نەچچە ئەۋزەللىك ئۈستىدە ئىلگىرى كۆپ سۆزلەنگەن، شۇڭا بۇ يەردە تەپسىلىي بايان قىلىپ ئولتۇرمايمىز. بىز قارشى تەرەپنىڭ بىردەكلىكى ئىچىدىن ھەرقايسى جەھەتلەرنى ئىگىلىشىمىز، ئەۋزەللىكمىزنى ئېنىق تونۇغان ئاساستا، ئەۋزەللىكمىزنى يەنىمۇ ئېنىق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. مىللىي رايونلارنىڭ ئاساسىي ئاجىزلىقى «تۆت يېتەرسىز» بولۇشتا: بىرىنچى، بازار ئىگىلىكى قارىشى يېتەرسىز، خۇسۇسەن ھازىرقى زامان تاۋار ئىگىلىكى ئېڭى ئاساسىغا ئورنىتىلغان تۈزگىرىش ئېڭى ئېچىۋېتىش ئېڭى، قانۇن - تۈزۈم ئېڭى، دېموكراتىيە ئېڭى، رىقابەتلىشىش ئېڭى، خەۋپ - خەتەرگە مەسئۇل بولۇش ئېڭى قاتارلىق قىممەت قارىشى يېتەرسىز. ئىككىنچى، قۇرۇلۇش مەبلىغى يېتەرسىز. ئۈچىنچى، ئىقتىساس ئىگىلىرى يېتەرسىز. ئالايلى، خۇنەن، خۇبېي، سىچۇەن، گۈيجۇ قاتارلىق تۆت ئۆلكىدىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا 1990 - يىلى جەمئىي 97 مىڭ 815 نەپەر پەن - تېخنىكا خادىمى بار بولۇپ، مەملىكەت بويىچە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئاران 12.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئېھتىياجلىق تىجارەت، باشقۇرۇش خادىملىرىمۇ ناھايىتى كەمچىل، ساپاسى جەھەتتە تېخىمۇ ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. تۆتىنچى، راۋان ئوبوروت يوللىرى كەمچىل. 1990 - يىلى يۇقىرىدىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مال يۆتكەش مىقدارى 62 مىليون 795 مىڭ توننا بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.09 توننىدىن توغرا كەلگەن، مەملىكەت بويىچە كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان سەۋىيىنىڭ ئاران 27 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. شۇ يىلى، تۆت ئۆلكىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە مال ئوبوروت مىقدارىمۇ مەملىكەت بويىچە ئوخشاش سەۋىيىنىڭ 31.7 پىرسەنتىگىلا توغرا كەلگەن، تۆت ئۆلكىدىكى خەلق ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان قاتناش ۋاسىتىلىرىمۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ 1.1 پىرسەنتىگىلا توغرا كەلگەن. يۇقىرىدىكى ئومۇملاشتۇرۇلغان كۆرسەتكۈچلەر شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، مىللىي رايونلاردا مەھسۇلات مىقدارى ئاز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قاتناش قولايسىز، بازارلارنىڭ يېتىلىش دەرىجىسىمۇ ناھايىتى تۆۋەن، نۇرغۇن جايلار تېخىچە بىر خىل نىسپىي يېكىنمە ھالەتتە تۇرماقتا.

ئەۋزەللىك بىلەن ئاجىزلىق بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش — مىللىي رايونلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3

قانداق قىلغاندا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ خىرىسنى كۈتۈۋالغىلى، يوشۇرۇن ئەۋزەللىكنى رېئال ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؟ مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى قارىشىم مۇنداق:

ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، بۆسۈپ ئۆتۈشكە، سىناپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلىش لازىم. مىللىي رايونلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، بەزى چوڭ مەسىلىلەردە بىردەك تونۇش ھاسىل قىلىش لازىم. مەسىلەن ئالايلى، ھەم مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئوبدان، جانلىق ئىشلىتىش كېرەك، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكە دائىر سىياسەتنى تېخىمۇ پىششىق ئىگىلەش ۋە ئىشلىتىش كېرەك؛ ھەم ئىشلەپچىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، ئوبوروتقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؛ ھەم ئىگىلىكنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش كېرەك، مۇھىمى مۇھىم تۈرنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش لازىم؛ ھەم باشقىلارغا سەمىمىي مۇئامىلە قىلىش كېرەك، مۇھىمى رىقابەتلىشىشكە تېخىمۇ جۈرئەت قىلىش لازىم، ۋاھاكازا.

ئىدىيىنى ئازاد قىلىش «كاللىنى ئىشلىتىش» ئارقىلىق سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تورلۇك كۆز قاراشلارنى ئىمكان قەدەر تېزرەك تۇرغۇزۇش لازىم.

خىرىس ئىنتايىن ربىشالى، ئاجىزلىقنى ئۆزگەرتىش بىردەملىك ئەجىر بىلەن بولىدىغان ئىش ئەمەس. شۇڭا، ئىشنى پۈتتۈرۈشكە ئالدىراسلىقمىز، بىر سەكرەپلا بازار ئىگىلىكىگە كىرىپ كېتىشنى ئارزۇ قىلماسلىقىمىز، بىر تۇتاش تەلەپ بىلەن شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىنى بىرلەشتۇرۇشىمىز، ستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۇرۇشىمىز لازىم. مېنىڭچە، ناھىيە ۋە ئاھالىنى بېيىتىشنىڭ ئاچقۇچى مۇۋاپىق يېتەكچى كەسىپنى بېكىتىش ۋە شەكىللەندۇرۇشتە. يېتەكچى كەسىپنى بېكىتىشتە، بىرىنچىدىن، تورنىڭ شۇ يىللىق پايدىسى ۋە ئۇزاق مەزگىللىك بازار ئەۋزەللىكىنى ئويلىنىش لازىم. بۇ ئەڭ مۇھىم. ئىككىنچىدىن، شۇ جاينىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، سېلىنىدىغان مەبلەغ ئاز، تېخنىكا جەھەتتىكى قىيىنلىق دەرىجىسى تۆۋەن، كۆللىبكتىپ، شەخس، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكىلەرنىڭ ھەممىسى قانىتشالايدىغان تۈرلەرنى تاللىۋېلىنىدىغان زاپاس تۈر قىلىش، بۇنىڭ ئىچىدە، تۆۋەتە ئاجىز ھالقا ھېسابلىنىدىغان يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، "يېتەكلەش تەسىرى" بولۇش، يەنى يېزىلارنىمۇ يېتەكلەيدىغان، شەھەر - بازارلارنىمۇ يېتەكلەيدىغان بولۇش لازىم. يېزىلار خام ئەشيا يەتكۈزۈپ بەرسە، شەھەر - يېزىلاردىكى كىچىك زاۋۇتلار قوشۇمچە ماتېرىيال زاپچاس - بۆلەكلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان "ھەمراھ زاۋۇت" بولىدۇ. تۆتىنچىدىن، بەلگىلىك كۆلەم شەكىللەندۇرەلەيدىغان بولۇش، تاۋارنى بەلگىلىك دەرىجىدە كۆپلەپ ئىشلەپچىقارغىلى بولىدىغان بولۇش، مەلۇم ۋاقىتتا كەلگەندە، مۇشۇ ئاساستا رايون خاراكتېرلىك ھەتتا مەملىكەت خاراكتېرلىك كەسىپ بازىرى شەكىللەندۇرەلەيدىغان بولۇشنى ئويلىشىش كېرەك.

مىللىي رايونلاردىكى تورلۇك ئامىللارنى بىرلەشتۇرۇپ، ماس راۋاجلاندۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. مىللىي رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، مەبلەغ كەمچىل بولسا بولمايدۇ - ئەلۋەتتە، لېكىن بازار، ئىختىساس ئىگىلىرى قاتارلىق ئامىللارغىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ناۋادا كەڭ كۆلەملىك بازار بولمايدىكەن، بايلىق مەنبەسىنى ئېچىشنى داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدۇ؛ زور ئىختىساس ئىگىلىرى بولمىسا، مەيلى بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش ياكى بازارلارنى كېڭەيتىش بولسۇن ھەممىسىنى كۆڭۈلدىكىدەك سەۋىيىگە يەتكۈزۈش قىيىنغا توختايدۇ. بازارنى كېڭەيتىش جەھەتتە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشى پۇرسەت يارىتىپ بەردى، ئەمدىكى گەپ ئۆزىمىزدە تېخىمۇ كۈچلۈك تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بولۇشتا قالدى. بۈگۈنكى دۇنيادا، بېكىنىۋالغانلار جەزمەن ئارقىدا قالىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ بازىرىنى ئېچىۋېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېخىمۇ كەڭ بازارلارنى ئېچىش دەل ھازىرقى بېكىنمە ھالەتنى ئۆزگەرتىپ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا بىسەپ ئۆتىدىغان مۇقەررەر يولدۇر. بازارلارنى ئېچىش ئۈچۈن زور شىجائەت بولۇشى، يالغۇز ئەتراپىدىكى جايلارنىلا كۆزدە تۇتۇپ قالماستىن، بەلكى رايون ئورنىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچىدىكى باشقا جايلار ھەتتا خەلقئارا بازارنى كۆزدە تۇتۇش لازىم؛ سودا كارخانىلىرىنىڭ باشقۇرۇش مېخانىزمى، توپ تارقىتىش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشنى ئوبدان ئىشلەپلا قالماستىن، بەلكى ئاساس ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق بازارنى ئاساس قىلىپ سورۇن قۇرۇش، بازارنى ئاساس قىلىپ خەبەردار تېپىش ئۈچۈن "قانىتىق زاپچاس" ھازىرلاپ بېرىش

ھەمدە بازارنى ئېچىش ئارقىلىق پۈتكۈل 3 - كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى يېتەكلەش لازىم.

ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش جەھەتتە، دېڭىز ياقىلىرىدىكى جايلارغا كادىرلارنى ۋەزىپىسى بىلەن ئۆگىنىشكە ئەۋەتىش چارىسىنى قوللىنىپ، بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئېھتىياجلىق ئېچىش روھىغا باي رەھبىرىي تايانچلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك؛ كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئېھتىياجلىق تېخنىكا خادىملىرى ۋە كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەش لازىم؛ ئەمەلىي ئىشلىنىدىغان پەن - تېخنىكىلارنى ئومۇملاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، تەربىيىلەش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش، ئەمەلىيەت داۋامىدا يۇقىرى ساپالىق يېڭى تىپتىكى ئەمگەكچىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش لازىم؛ "ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىش" كە ئەھمىيەت بېرىش، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندا، بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىشتا ئىچكى - تاشقى كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەندە، يېتەكچى كەسىپنى ئوبدان تۇتىدىغان بىرلەشمە كۈچ شەكىللىنىدۇ؛ بازارنى ئېچىشتا، ئىچكى - تاشقى سودىنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەندە، ئوبوروتنى ئوبدان تۇتىدىغان بىرلەشمە كۈچ شەكىللىنىدۇ؛ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشتا، ئىچكى - تاشقى ئىختىساس ئىگىلىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلسە، پەن - تېخنىكا، مائارىپنى ئوبدان تۇتىدىغان بىرلەشمە كۈچ شەكىللىنىدۇ. مۇشۇ ئاساستا، يەنە كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئەستايىدىل ئۆزگەرتىش، ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق يۈرۈشلەشكەن ئىسلاھاتنى تېزلىتىپ، بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش، بازارلارنى ئېچىش، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋەزىيەتنى تىرىشىپ شەكىللەندۈرۈپ، بازارلارنى ئېچىشنى بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن قىممەتنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىغان ئالدىنقى شەرت قىلىش، بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىشنى بازارلارنى ئېچىش ئۈچۈن كۆپلەپ كىرگۈزۈپ، كۆپلەپ چىقىرىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىدىغان ماددىي ئاساس قىلىش، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشنى بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش، بازارلارنى ئېچىش ئىختىساس ئىگىلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان كاپالەت قىلىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا، مىللىي رايونلاردىكى ئوخشاش سىستېما ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئۈچ چوڭ ئېچىش، ئىسلاھات داۋامىدا تېخىمۇ زور بىرلەشمە كۈچ بولۇپ شەكىللىنىپ، بۇ رايونلارنىڭ ئاتلاپ ئىلگىرىلەشتەك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

(مەمەت تۇرسۇن: ت)

## ياش ۋە ئىجادىيەت

گايتې «ياش ۋېرتېرنىڭ دەردى» رومانىنى يازغاندا يىگىرمە ئۈچ ياشتا ئىدى.

پۇشكىن «بارىس گودۇنوۋ» تارىخىي دراممىسىنى يازغاندا يىگىرمە بەش ياشتا ئىدى.

لېۋ. تولستوي تۇنجى ئەسىرى «باللىق»نى يىگىرمە تۆت يېشىدا يازغان.

جېك. لوندوننىڭ بىرىنچى ھېكايىلەر توپلىمى — «بۆرە بالىسى» نەشىردىن چىققاندا ئۇ يىگىرمە ئىككى ياشتا ئىدى.

ماكسىم. گوركىي يىگىرمە سەككىز يېشىدا ئىككى جىلدلىق ھېكايىلەر توپلىمىنىڭ مۇئەللىپى ئىدى.

# چېگرا رايونىدىكى ئاپتونوم ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى قانداق ئىسلاھ قىلىش كېرەك

دۇۋەن ئېرىيۈي، يەن ۋېنفا

چېگرا رايونىدىكى ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئاپپاراتلىرىغا قارىتا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاپپارات تەسىس قىلىش جەھەتتىكى تۈرلۈك نۇقسانلارنى تۈگىتىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىدارى تولۇق، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق، ئايلىنىشى ماسلاشقان، جانلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك مەمۇرىي ئاپپاراتلىرىنى قەدەممۇ-قەدەم بەرپا قىلىش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، چېگرانى يەنىمۇ مۇقىملاشتۇرۇش، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش، ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىش، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، چېگرا بويىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم تەشكىلىي كاپالىتى. بۇ ماقالىدا يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ شىشۇاڭبەننا دەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنى مىسال كەلتۈرگەن ھالدا، چېگرا رايونىدىكى ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئاپپاراتلار ئىسلاھاتى توغرىسىدا كۆز قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

چېگرا رايونىدىكى ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئاپپاراتلار ئىسلاھاتىنى، دۆلىتىمىزدىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەمۇرىي ئاپپاراتلىرىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە قاراپ، تولۇق كۆڭۈل بۆلۈش ۋە تېگىشلىك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئالدىنئالا شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇۋېلىشىمىز كېرەككى، ئىلگىرى شىشۇاڭبەننا دەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىمۇ ئاپپاراتلار ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭمۇ ناھايىتى تېز بولغان ئىدى، بۇنىڭدىكى تۈپ تەجرىبە-ساۋاق شۇكى، ئۇنى ئىچكى جايلاردىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئاپپاراتلار ئىسلاھاتى بىلەن «بىر تاياقتا ھەيدەلگەن»، ئوخشاش پىكىر قىلىش يولى ۋە ئەندىزىسى قوللىنىلغانلىقتىدۇر. شۇڭا بۇ قېتىم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئاپپاراتلىرىنى ئىسلاھ قىلىشتا بۇ ساۋاقنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلىشىمىز، ئوبلاستلارنىڭ مەمۇرىي ئاپپاراتلار ئىسلاھاتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى تولۇق چۈشىنىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئىچكى جايلار بىلەن بولغان ئورتاقلىقى ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چىڭ ئىگىلىشىمىز لازىم. نىشانغا توغرىلاپ ئوق ئېتىپ، قارىغۇلارچە ئىش كۆرۈشتىن ساقلانساقلا ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئاپپاراتلار ئىسلاھاتىنى پائال، پۇختا ۋە ئۈنۈملۈك ھالدا ئېلىپ بارالايمىز. شىشۇاڭبەننا دەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنى ئالساق، ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپپاراتلار ئىسلاھاتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ۋە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك ئەھۋاللار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

1. چېگرا باشقۇرۇش ئىشلىرى كۆپ. ئوبلاستىكى ئۈچ ناھىيە، شەرقتىن غەربكىچە لائوس، بىرما بىلەن چېگرىداش، چېگرا سىزىقى ئۇزۇنلۇقى 900 كىلومېتىردىن كۆپرەككە يېتىدۇ، بۇ پۈتۈن يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ چەت ئەل بىلەن تۇتىشىدىغان چېگرا سىزىقى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. دۆلەت چېگرا ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى 50 كە يېقىن، چېگرىدىن ئۆتۈپ ئولتۇراقلىشىش، تىرىكچىلىك قىلىش، سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىش، تۇغقان يوقلاپ باردى-كەلدى قىلىش ئىشلىرى كۆپ، چېگرا

سىرتىدىكى دۈشمەن جاسۇسلۇق پونكىتلىرى (گۇرۇپپىلىرى) دائىم ھەر خىل ئاماللار بىلەن پۇرسەت تېپىپ سىڭىپ كىرىدۇ ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ، دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىش ۋەزىيىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە ئېغىر؛ زەھەرلىك چېكىملىك، ئەتكەسچىلىككە قارشى تۇرۇش ۋەزىپىسىمۇ يېنىك ئەمەس. دۆلەت بىخەتەرلىكى، جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتارلىق چېگرا باشقۇرۇش ئىشلىرىدا نورمالسىزلىقلار كۆپ.

2. مىللەتلەر ئىشلىرى ۋە دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش تەس. ئوبلاستتا دەيزۇلارنى ئاساس قىلغان كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى پۈتۈن ئوبلاستتىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ تۆتتەن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. دەيزۇ، بولاڭ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەممىسى دېگۈدەككە بۇددا دىنىنىڭ خىنايانا مەزھىپىگە كىرىدۇ، شۇڭا مىللەتلەر چېگرىدىن ئۆتۈپ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋاللىرى بولغانلىقتىن مىللەتلەر مەسىلىسى، دىنىي مەسىلەر دائىملا «خەلقئارالىق مۇناسىۋەت» بىلەن گىرەلىشىپ كېتىدۇ. مىللەتلەر ئىشلىرى، دىنىي ئىشلار خىزمەت مىقدارى كۆپ بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئىشلەش تەس.

3. تۈرلەرنىڭ پەتكۈزۈلۈش سۈرئىتى ئاستا. ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئولتۇراقلىشىشى تارقاق، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتناش قولايسىز، ئالاقىلىشىش شارائىتى ناچار، تۈرلەر پەتكۈزۈلۈش سۈرئىتى ئاستا. شۇڭا ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ خىزمەت مىقدارى زور دەرىجىدە ئېغىرلاپ كەتكەن.

4. باشقۇرغۇچىلار ۋە باشقۇرۇلغۇچىلارنىڭ ساپاسى تۆۋەن، پۈتۈن ئوبلاستتىكى ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە ساۋاتسىزلار، يېرىم ساۋاتسىزلار 25.75 پىرسەنتنى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن 10% ئېشىپ كەتكەن. ئەمما كەنتتىكى ئوقۇش يېشىغا توشقان باللار مەكتەپكە كىرىشنى خالىمايدىغان ئەھۋاللار ھازىرغىچە ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانماقتا. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، يېزىلاردىن كادىر قوبۇل قىلىش ۋاقتىدا مەدەنىيەت سەۋىيىسى تەلىپى پەقەت تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئۆلچەم قىلىپ بېكىتىلگەن. نەتىجىدە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، باشقۇرغۇچىلارنىڭ ساپاسى ۋە سەۋىيىسىگە زور دەرىجىدە تەسىر يېتىپ، باشقۇرغۇچىلار ۋە باشقۇرۇلغۇچىلارنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولۇش ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

5. ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئاستا. ئوبلاستتا دېھقانچىلىق ئاساس قىلىندۇ، سانائەتنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىسى كىچىك تىپتىكى پايدىسى ئاز كارخانىلاردىن ئىبارەت. ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى قالاق، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تۆۋەن، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپ، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، سەھىيە قاتارلىق ئىشلار تەرەققىياتى چەكلىنىپ قالغان.

ئوبلاست ئەھۋالنى تولۇق بىلىش ۋە مەسىلەرنى توغرا تېپىش شەرتى ئاستىدا، ئىسلاھاتنى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاپ، پۇختا قەدەمدە ئېلىپ بېرىش كېرەك. دۆلەتنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەم ئىچكىرىدىكى ئاپتونومىيىلىك جايلار بىلەن غەربىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى پەرقلەندۈرمەيلا بىر تاياقتا ھەيدەپ، تەڭ قەدەمدە ئېلىپ بېرىشنى تەكىتلەشتىن ساقلىنىش؛ ھەم مەلۇم دائىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا ھەددىدىن ئارتۇق تەكىتلەپ ئومۇمىي تەلەپنىڭ ئورتاقلىقىغا سەل قارىماسلىق كېرەك. بۇ نۇقتىنى چېگرىدىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپپاراتلار ئىسلاھاتىدا ئەمەل

قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئاساسىي پرىنسىپ قىلىش كېرەك. بىزنىڭچە ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك.

1. ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى بەك كۆپ، ئىش تەخسىماتى بەك ئىنچىكە بولۇش ھالىتىنى ئۆزگەرتىش كېرەك. بۇ ئىقتىساتنا بارغانچە ئارقىدا قېلىش، ئاپپاراتلار بارغانچە كېلەڭسىزلىشىپ كېتىش، مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجەت چىقىمى بارغانچە كۆپىيىپ كېتىش قاتارلىق ئۇقسانلاردىن ساقلىنىشنىڭ تۈپ يولى. 1991 - يىلى شىشۇاڭبەننا دەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ئوبلاست دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ ئىش ھەققى، پاراۋانلىق خىراجىتى، كەسپىي خىراجىتى قاتارلىق چىقىملار پۈتۈن ئوبلاستنىڭ شۇ يىللىق مالىيە كىرىمىنىڭ تەخمىنەن 10 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. شۇڭا ئىشنى ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش، خادىملارنى قىسقارتىشتىن باشلاش كېرەك، مەمۇرىي ئورگان خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ قابىلىيىتى، سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە خىزمەت پوزىتسىيىسىنى ياخشىلاش ئاساسىدا، ئىش بار تۇرۇپ ئىشلەيدىغان ئادەم چىقماسلىق، ئادەم بار تۇرۇپ ئىشلىمەسلىكتەك ئىللەتلەرنى تەل - تۆكۈس ئۆزگەرتىپ، ئىخچام ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

2. پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىدىكى تەكرار تەسىس قىلىنغان ئاپپاراتلار ۋە گىرەلىشىپ كەتكەن بەزى فۇنكسىيەلەرنى ئۆزگەرتىش كېرەك. بۇ ئىچكى سەرپىيات زور بولۇش، خىزمەت ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى مۇھىم تەدبىر. ئاپپارات تەسىس قىلىشتا ھەركىم تۈز ئالدىغا سىياسەت تۈزۈش، تەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسى بەك تارقاق بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، پارتىيە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ بەزى ئاپپاراتلىرى تەكرار تەسىس قىلىنىش مەسىلىسى ھازىرغىچە يەنىلا ناھايىتى گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. شىشۇاڭبەننا دەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنى باشقۇرۇش ئاپپاراتىدىن ئوبلاستلىق پارتكومدا پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە ياشانغانلار خىزمىتى ئىشخانىسى، ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى باشقۇرۇش ئىشخانىسى ۋە ئەمگەك، كادىرلار تارماقلىرىدا پېنسىيىگە چىققان خادىملارنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىدىن ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ تەشكىلات بۆلۈمىدە كادىرلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپى ئىشخانىسى تەسىس قىلىنغاندىن باشقا يەنە ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى ئىشخانىسى ۋە مائارىپ كومىتېتى ئاستىدا چوڭلار مائارىپى بۆلۈمى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان. ئاپپاراتلار مانا مۇشۇنداق تەكرار تەسىس قىلىنىپ، فۇنكسىيەلەر گىرەلىشىپ كەتكەچكە خىزمەت ئۈنۈمىگە ئېغىر ھالدا تەسىر يەتكەن. شۇڭا ھازىرقى تەكرار تەسىس قىلىنغان ئاپپاراتلارنى زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىپ، بىر تۈركۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، بىر تۈركۈمىنى قوشۇۋېتىش، شۇ ئارقىلىق مۇناسىۋەتلەرنى راۋانلاشتۇرۇپ، ھوقۇق دائىرىسى ۋە مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىچكى سەرپىياتنى ئازايتىش كېرەك. قىممەتلىك ئادەم كۈچى ۋە مالىيە كۈچلىرىنى چېگرا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا قويۇش لازىم.

3. «مەمۇرىي ئورگانلار كەسپىي ئورۇنلاردىن ئەۋزەل بولۇش، كەسپىي ئورۇنلار كارخانىلاردىن ئەۋزەل بولۇش» تەك كونا كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىش كېرەك. بۇ كادىرلار كىرىشكىلا بولىدىغان چىقىشقا بولمايدىغان، يۇقىرىغا ئۆرلەشكىلا بولىدىغان، تۆۋەنگە چۈشۈشكە بولمايدىغان ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئاپپاراتلار ئىسلاھاتىنى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى.

نۇۋەتتە چېگرىدىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي يەنىلا بىر قەدەر ئارقىدا. بۇ ئوبيېكتىپ جەھەتتە «ئورگانلاردا ئىشلىگەنلەر بىخەتەر بولۇش، كەسپىي ئورۇنلاردا خاتىرجەم بولۇش، كارخانىلاردا بۇ يىل ئۆتسە كېلەر يىل قانداق بولۇشنى بىلمەسلىك» تەك ئىجتىمائىي پسىخىك ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. 1983 - يىلقى ئاپپاراتلار ئىسلاھاتىدا، ئاشلىق، ماددىي ئەشيا، تاشقى سودا قاتارلىق ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق ئاپپاراتلار ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئۆزگەرتىلگەن ئىدى. لېكىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا قايتىدىن ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىلىك تارمىقى بولۇپ ئەسلىگە كېلىپ يەنە «تۆمۈر تاۋاق»نى قايتا كۆتۈرۈۋالدى. مۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبى ئەلۋەتتە خىلمۇ خىل بولسىمۇ، ھۆكۈمەت ئورگىنىدا ئىشلىسە «ھەر قانداق ۋاقىتتا ئىش ھەققىگە كېپىللىك قىلىنىدۇ، خەۋپ - خەتىرى يوق» دەيدىغان كونا كۆز قاراشلارنىڭ تەسىرىمۇ مۇھىم بىر سەۋەبتۇر. شۇڭا كادىرلارغا قارىتا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىملىقى، مۇقەررەرلىكى ھەم ئىسلاھاتقا ئاتلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەشۋىقى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، كادىرلارنىڭ «ئۈچ تۆمۈر تاۋاق» تىن مېھرىنى ئۈزەلمەسلىك ئىدىيىسىنى قەدەممۇ - قەدەم تۈگىتىپ، ئىسلاھات ئېلىپ كېلىدىغان تۈرلۈك زەربىلەرگە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جانلىق، خىلمۇ خىل ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى ۋە ئالاھىدە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئورگان كادىرلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلاملارغا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى قوللاش ۋە ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

يۇقىرىدىكى ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك تۈرلۈك ئىللەتلەردىن باشقا مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىلارنى ئايرىماسلىق، مەمۇرىي بىلەن كەسپىي ئىشلارنى ئايرىماسلىق ھەم ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئورگان ئىچكى تۈزۈمى ئانچە مۇكەممەل بولماسلىق، باشقۇرۇش كۈچى دېگەندەك يېتەرلىك بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنىمۇ ئىسلاھ قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك.

ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىش، ئىشكىنى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت باش فاڭجېنغا ئەمەل قىلىپ، ئىچكىرىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىي تاپقان جايلار بىلەن ئىقتىسادىي تېخنىكا جەھەتتىن ھەمكارلىشىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، قوشنا دۆلەتلەرنىڭ چېگرا سودىسى ۋە تاشقى سودا تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، چېگرا سودىسى ۋە تاشقى سودىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك؛ ئۆز جايىنىڭ سۇبتروپىك بەلباغقا جايلاشقان تەبىئىي ئالاھىدىلىكىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش، پايدىلىنىش جەھەتتىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئۆز جايىنىڭ ئالاھىدە تەبىئىي مەنزىرىلىرى ۋە ئىنسان مەدەنىيتى ھاسىل قىلغان مەنزىرىلەرنى قوغداپ ۋە ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ساياھەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك؛ ئاپتونوم ئوبلاستلىق جايلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، قاتناش، ئېنېرگىيىنى ئېچىش-پايدىلىنىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك؛ چېگرا ياقىسىنىڭ مەدەنىيتى قالاق، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرى تەرەققىياتى ئاستا بولۇشتەك ئەمەلىي ئەھۋالنى چىقىش قىلغان ھالدا، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە سەھىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك؛ چېگرا رايونلىرىنىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى قالاق ھالەتنى تېزلىكتە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، پەن - تېخنىكا قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك؛ چېگرا بويلىرىدىكى ئاپتونوم ئوبلاستلار تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ئورنىغا ئەھمىيەت بېرىپ، چېگرا رايونلارنىڭ

مۇقىملىقىنى قوغداش، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى، جامائەت خەۋپ-سىزلىكى قاتارلىق ساھەلەرنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك؛ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن مىللەتلەر ئىشلىرى، دىنىي ئىشلارنى تەتقىق قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك؛ ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەت نوپۇسى ئىگىلىگەن نىسبەتكە ئاساسەن، ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى مىللىيلاشتۇرۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشنى، كونسايىن گەۋدىلىك بولۇۋاتقان ئىش كۆتۈرۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بىلەن ئورگانىنىڭ ھالدا بىرلەشتۈرۈش، كادىرلار، كادىرلار ئىشلىرى، ئەمگەك ئىشلىرى تارماقلىرىغا قارىتا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك ۋە باشقىلار.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار نۇقتىلىق ھالدا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە تېگىشلىك تەرەپلەر، ھەم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئەلا مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىدىغان تەرەپلەردۇر. مەيلى باسقۇرۇشنى كۈچەيتىش بولسۇن ياكى ئەلا مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىش بولسۇن ئەڭ توپ مەخسەت — چېگرا بويىدىكى ئاپتونومىيىلىك جايلاردا پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىل ئىجرا قىلدۇرۇپ ھەم چېگرا رايونلارنىڭ مىللىي ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، قوشنا دۆلەتلەرگە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈندۇر.

(مەريەم ئابدۇللا.ت)

# چەت ئەللىكلەر بىلەن

## سودا قىلغاندا

ئامېرىكىدا: ئامېرىكىلىق سودىگەرلەر تاماق ئۈستىدە سۆھبەتلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئامېرىكىلىقلار بىلەن سودا ھەققىدە سۆھبەتلەشكەندە، گەپنى ئەگىتمەي بىۋاسىتە دەۋرىشكە بولىدۇ.

ئەنگلىيىدە: ئىنگلىزلار بىلەن سودا ھەققىدە سۆھبەتلەشتە، ئۈچ نەرسىدىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك: بىرىنچىسى، يوللۇق گالستۇك تاقاشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك؛ ئىككىنچىسى، خان جەمەتىنىڭ ئائىلە ئىشلىرى توغرىسىدا چاقچاق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك، ئۈچىنچىسى، يۈزىدىن - يۈزىگە «ئەنگلىيىلىك» دەپ ئاتاشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك، سىز «بۈيۈك بىرىتانىيە»لىك دەپ ئاتىسىڭىز ئۇلارنى خۇش قىلىسىز.

گېرمانىيىدە: گېرمانىيىلىك سودىگەرلەر ئابرويپەرەس كېلىدۇ، شەكىلگە دىققەت قىلىدۇ. مەنسەپلىك سودىگەرلەر بىلەن ئۇچراشقاندا، چوقۇم ئۇنىڭ مەنسىپىنى ئاتاش كېرەك. ئۇنىڭدىن قالسا، يۈز كۆرۈشكەندە ياكى ئۇزاپ ماڭغاندا، چوقۇم قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش كېرەك.

فرانسىيىدە: فرانسۇزلار شەخسىي مەسىلەر ۋە ئائىلىدىكى خۇسۇسىي ئىشلار ھەم سودا - ئوقەت جەھەتتىكى مەخپىيەتلىك توغرىسىدا پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلار بىلەن سودا ئۈستىدە سۆھبەتلەشكەندە، مۇشۇ جەھەتتىكى ئىشلاردىن ئېغىز ئېچىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.

ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەرەب ئەللىرىدە: ئۇلار بىلەن سودا قىلىش ئۈستىدە سۆھبەتلەشكەندە، ھاراق ئىچىش، تاماكا چېكىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ.

تەھرىر ئىلاۋىسى: مەملىكىتىمىزدە 55 ئاز سانلىق مىللەت، 5 ئاپتونوم رايون، 30 ئاپتونوم ئوبلاست، 124 ئاپتونوم ناھىيە بار. كەڭ مۇشتىرىلىرىمىزنى مىللەتلەرگە ئائىت بىلىمگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ ساندىن باشلاپ، «مىللەتلەر ۋە ئاپتونوم جايلار» دېگەن سەھىپە ئاستىدا، مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، ئېتنىك مەنبەسى ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ۋە ئاپتونوم جايلارنى ئىخچام تونۇشتۇرىمىز. سەمىڭىزدە بولسۇنكى، بۇ ھەقتىكى بىلىملەر ژۇرنىلىمىز كېيىنچە ئۆتكۈزىدىغان «مىللەتلەرگە ئائىت بىلىملەر بويىچە زېھن سىناش مۇسابىقىسى»نىڭ سوئال - جاۋاب ئاساسى قىلىنىدۇ.

# يۇغۇر مىللىتى ۋە سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيىسى

ئەلسۆيەر

يۇغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسى 12297 (1990 - يىلىدىكى سان) بولۇپ، ئۇلارنىڭ 90 پىرسەنتى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ سۇنەن (جەنۇبىي گەنسۇ) يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ كاڭلې، داخې، مىڭخۇا، خۇاڭ چېڭ (خان شەھىرى) رايونلىرىغا ۋە ئات تۈيىقى رايونىنىڭ دوستلۇق مۇھەببەتى يېزىسىغا جۇغمەك ئورۇنلاشقان، قالغان ئاھالىسى جيۇچۈەن ناھىيىسىنىڭ خۇاڭ نىباۋ (سېرىق لاي قەلئەسى) رايونىغا جايلاشقان.

## ئېتنىك مەنبەسى

يۇغۇر مىللىتىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەجدادلىرى قەدىمكى زاماندىكى ئۇيغۇرلارغا، يەنى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىردىكى دىڭلىڭلارغا، 4 - ئەسىردىكى تېلىلارغا ۋە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگرىسى ئىچىدىكى سىلىنگا دەرياسى، ئۇرخۇن دەريا ۋادىلىرىدا ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇرلارغا چېتىلىدۇ.

مىلادى 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۇيغۇر خانلىقى ئەبشىي ئاپەت ۋە تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمى ئاستىدا يىمىرىلگەندىن كېيىن، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار خېشى كارىدورىدىكى گەنجۇ (ھازىرقى جاڭيې) ئەتراپلىرىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتالغان. ئەنە شۇ گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى كېيىنكى يۇغۇر مىللىتىنىڭ بىۋاستە ئەجدادى ھېسابلىنىدۇ.

يۇغۇر مىللىتى تارىخىي كىتابلاردا «سېرىق ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتالغان. 1953 - يىلى، ئۆز مىللىتىنىڭ ۋەكىللىرى كېڭىشىش ئارقىلىق، مىللەت نامىنى «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇزىغا ئاھاڭداش بولغان «يۇيگۇ» (衣合/回) (خەنزۇچە مەنىسى: باياشات ھەم مۇستەھكەم دېگەن بولىدۇ) سۆزىنى ئۆز مىللىتىنىڭ نامى قىلىپ بېكىتكەن.

## تىل يېزىق

يۇغۇرلار شەرقىي تىلى، غەربىي يۇغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل تىلنى قوللىنىدۇ، ھەربىر خىل تىلنى قوللانغۇچىلار ئومۇمىي يۇغۇر ئاھالىسىنىڭ تەخمىنەن 1/3 قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. غەربىي يۇغۇر تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسى توركى تىل گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن. شەرقىي يۇغۇر تىلى گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ. ھازىر ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقى يوق.

ھازىرقى يۇغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى ئۇيغۇرلاردىن كۆپ پەرقلىنىدۇ.

## دىنىي ئېتىقادى

يۇغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بۇرۇنقى زامانلاردا

ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شامان دىنىغا ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. مىڭ يىللاردىن كېيىن، ئۇلار زاڭزۇلارنىڭ بۇددا دىنىدىكى گېلۇ مەزھىپى (خۇاڭجياۋ مەزھىپى)گە ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان، ھەرقايسى قەبىلىلەردە خۇاڭجياۋ ئىبادەتخانىلىرى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا لامالار رىياسەتچىلىك قىلغان. ئازادلىقتىن كېيىن، ئىقتىساد ۋە پەن، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، **يۇغۇر**لار ئىچىدە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بارغانسېرى ئازايدى. لېكىن، شامان دىنىنىڭ قالدۇق تەسىرى يەنىلا مەۋجۇت، لاما دىنىنىڭ يۇغۇر مىللىتىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى تەسىرى يەنىلا چوڭقۇر.

## ئۆرپ - ئادەتلىرى

يۇغۇر چارۋىچىلىرى كىگىز ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ، ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەردىكىلەر لاي تام ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ. يۇغۇرلار يېمەكلىك جەھەتتە سېرىق ماي، ئارپا تالقىنىدا ئەتكەن زانبا، سۈزمە - قۇرۇت قاتارلىقلارنى ئاساسىي غىزا قىلىدۇ. پۈتۈن قوي كاۋىپى ۋە قوي دۈمبىسى ئۇلارنىڭ ئەزىز مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىدىغان ئەڭ ئېسىل تائامى ھېسابلىنىدۇ. يۇيگۇلار چاي ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ، كۈنىگە ئۈچ ۋاخ چاي ئىچىدۇ، بىر ۋاخ تاماق يەيدۇ. يۇغۇرلار ئات، ئېشەك، خېچىر، ئىت، تۆگە، توخۇ، بېلىق گۆشىنى ۋە تۇچلۇق تۇمشۇقلۇق، تومۇ تۇياقلىق ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى راۋا كۆرمەيدۇ.

يۇغۇر ئەرلىرى سول تەرەپتىن ئىزمىلىنىدىغان تىك ياقلىق، چوڭ پەشلىك تون كىيىپ، قىزىل، كۆك رەڭلىك بەلۋاغ باغلايدۇ، بېشىغا ئاۋاردىن پەۋاز تۇتۇلغان كىگىز قالپاق ياكى شىلەپە كىيىدۇ. ئاياللارمۇ قۇلىقىغا كەلگىدەك تىك ياقلىق ئۇزۇن چاپان كىيىپ، ئۈستىگە تىك ياقلىق جىلىتكە كىيىدۇ. پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق لاتا ئۆتۈك كىيىدۇ، بېلىگە قىزىل، يېشىل، سۆسۈن رەڭلىك بەلباغ باغلايدۇ. ياشىنىدىغان ئاياللار كەڭ گىرۋەكلىك شىلەپە كىيىپ، شىلەپە گىرۋىكىگە قىزىل رەڭلىك لېنتىلارنى ئېسىۋالىدۇ. مېھمانلار يۇغۇرلارنىڭ كىگىز ئۆيىگە كىرگەندە، ئەرلەر سول تەرەپتە، ئاياللار ئوڭ تەرەپتە بولۇنۇپ ئولتۇرۇشى كېرەك. تاماق تارتىلغاندا، مېھماننىڭ ئۇيان - بۇيان مېڭىشىنى ۋە ئۆرە تۇرۇۋېلىشىنى يامان كۆرىدۇ. مېھماننىڭ كىگىز ئۆيىگە قورال - ياراق، قامچا، خام گۆش، بۆرە - ئىت تېرىسى ئېلىپ كىرىشى مەنئى قىلىنىدۇ. ئىبادەتخانىلارنىڭ ئۆپچۆرىسىدە ۋاراڭ -



چۇرۇك قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ بالا ـ چاقا، نەۋرە ـ چەۋرىلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى بىۋاستە چاقىرىشىغا بولمايدۇ.

## سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيىسى

سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيىسى 1954 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قۇرۇلغان. بۇ ناھىيە — خېشى كارىدورىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى چىلىيەنشەن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاڭيې ۋىلايىتىگە تەۋە. يەر مەيدانى 22101 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 33 مىڭ. ئۇنىڭ ئىچىدە يۇغۇرلارنىڭ نوپۇسى 10 مىڭدىن كۆپرەك. باشقا ئاھالىسى زاڭزۇ، خۇيزۇ، موڭغۇل، تۇزۇ، مانجۇ، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. ناھىيە مەركىزىي خۇڭگۇەنسى بازىرىدا. بۇ ناھىيىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە چىلىيەنشەن تېغى بار، خېخېي دەرياسى، تولەي دەرياسى، لىۋەن دەرياسى مۇشۇ ناھىيىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىن ئۆتىدۇ. بۇ ناھىيە ئېگىز تاغ ـ دۆڭلەر ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئومۇمەن 2000 دىن 5000 مېترگىچە ئېگىز تۇرىدۇ، ھاۋا كىلىماتى ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى قۇملۇق رايونلارنىڭ كىلىماتىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ياز پەسلى قىسقا ھەم سالقىن، قىش پەسلى سوغۇق ھەم ئۇزۇن. ئېگىز تاغ چوققىلىرىنى يىل بويى قار قاپلاپ تۇرىدۇ. بۇ ناھىيىنىڭ پايدىلىنىشقا بولىدىغان يايلاق كۆلىمى 16 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا ياخشى شارائىتقا ئىگە. بۇ ناھىيە خېشى كارىدورىدىكى مۇھىم چارۋىچىلىق بازىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، چارۋىچىلىق فېرمىلىرى ۋە بوغا بېقىش مەيدانلىرى بار. بۇ ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىقىدا كالا، ئات، تۆگە، خېچىر، ئېشەك ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. دېھقانچىلىقتا ئارپا، بۇغداي قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلىدۇ. بۇ ناھىيىنىڭ ئورمانلىرىدا بۇغا، يىلپىز، بۆكەن، بۇلغۇن، ئېيىق، ياۋا كالا قاتارلىق ئۆرگۈنلىغان ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. يەنە رەۋەن، موگۇ (يەر زەدىكى) داڭگىبىن (قانتېپەر) قاتارلىق ياۋا ئۆسۈملۈكلەر بار. چىلىيەنشەن تېغىدا مول مەدەن بايلىقى بولۇپ، يۇغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلار تۆمۈر رودىسى ۋە قاش تېشى ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن داڭلىق. يەنە كۆمۈر، مىس بايلىقىمۇ بار. بۇ ناھىيىنىڭ خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىش، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ماشىنىسازلىقى، ئېلېكتر قۇۋۋىتى قاتارلىق سانائىتى بار. تاشيوللىرى جاڭيې، جيۇچۈەن شەھەرلىرىگە تۇتىشىدۇ. بۇ ناھىيە دائىرىسىدە ئات تۇيىقى تاش ئۆڭكۈرى، ۋىنجۇشەن تاش ئۆڭكۈرى، چاڭگۈسى قەدىمكى خارابىسى، خان شەھىرى قەدىمكى خارابىسى قاتارلىق ئاسار ـ ئەتىقىلەر بار.

يا‌خشى كىتابنى بىرىنچى قېتىم ئوقۇغاندا يېڭى دوست كۆرۈپ يەنە ئەسكە ھېس قىلىمىز. ئوقۇلغان كىتابنى قايتا ئوقۇغاندا كونا دوستنى قايتا كۆرگەندەك ھېس قىلىمىز.

— ۋولتېر

كىتابنى ۋاراقلاش، كىتاب ئوقۇغانلىق ئەمەس. كىتابنى شۇنداق ئوقۇش كېرەككى، خۇددى بىراۋنىڭ سىرىنى ئاشكارا ئاڭلاۋاتقاندەك كىتابنى تىرەنلىك بىلەن ئوقۇش كېرەك. ئەنە شۇندىلا ئۇ ئۆزىدىكى نەرسىنى نامايان قىلىدۇ ۋە سەن ئۇنىڭدىن بەھىر ئالالايسەن.

— كونستانتىن فېدىن

كىتاب بىر ئەۋلادنىڭ 2 ـ ئەۋلادقا قالدۇرغان ۋەسىيىتىدۇر. جان ئۈزۈۋاتقان موپىسىپىتنىڭ ھايات مۇساپىسىغا ئەمدىلا قەدەم قويغان ئۆسمۈرگە قىلغان مەسلىھەتىدۇر. دەم ئېلىشقا كېتىۋاتقان ساقچىنىڭ ئورۇنباسار ساقچىغا بەرگەن بۇيرۇقىدۇر.

— ئالېكساندىر گېرسىن

كىتاب بىلەن مۇناسىۋەت ـ كىشىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى يېتىلىشىنىڭ ئەڭ ئالىي ۋە تەكسىز شەكلىدۇر.

— ئالېكساندىر تۋادوسكىي

# مېنىڭ يۇغۇر مىللىتىم،

# مېنىڭ چىلىيەنشەن تېغىم

تۇمۇر

ئالدىمىزدا تۇرغان جاي مېنىڭ مىللىتىمنىڭ يۇرت - ماكانى يەنى چىلىيەنشەن تېغىنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئوتلاق. ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپى بىلەن شىمال تەرىپى چەكسىز كەتكەن چۆلدە‌ي - شىزاڭ ئېگىزلىكى ۋە موڭغۇلىيە ئېگىزلىكى، چىلىيەنشەن تېغى بۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن غەربتىن شەرققە كېسىپ ئۆتىدۇ.

سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيىسى خېشى كارىدورىغا جايلاشقان. بۇ يەر مېنىڭ يۇرتۇم، چىلىيەنشەن تېغى ئېتىكىدە تۇرغىنىمدا ئۇي - پىكرىم خۇددى دولقۇندەك ئۆركەشلەيدۇ.

مېنىڭ مىللىتىمنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە ئېبىلبلاردۇر. 400 نەچچە يىل ئىلگىرى تارىم ئويمانلىقىدىكى يەكەن خانلىقى شەرققە قاراپ كېڭىيىپ، ئىسلام دىنىنى قورال كۈچى بىلەن يۇرگۈزگەنىدى. چاغاتاي موڭغۇللىرىنىڭ كېيىنكى خاقانى سەئىدىخان ۋە ئوۋەيسخاننىڭ مۇسۇلمان چەۋەندازلىرى سېرىق ئۇيغۇرلارنى قوغلىغانلىقتىن، بۇ يەردىكى كىشىلەر تەخمىنەن بىر ئەسىرگىچە كەڭ كۆلەمدە كۆچمەنلىك ۋە قاچقۇنلۇق ھاياتىنى باشتىن كەچۈردى، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ مىللىتىم — يۇغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەبچى بولدى. ئۇ چاغدا كىشىلەر جەنۇبىي شىنجاڭدىن يولغا چىقىپ، بىپايان چۆللۈكلەردىن، كۆز يەتكۈسىز ساسلىقلاردىن ۋە ئېگىز تاغلاردىن ئۆتۈپ، ئاخىرى بوزدۆڭ سايلىقىغا يېتىپ بېرىپ، چىلىيەنشەن تېغى باغرىدىكى ئوتلاققا كەلگەندە ماكانلىشىپ قالغانىكەن. چىلىيەنشەن تېغىدىكى سۈيى مول، ئوتلىقى گۈزەل بولغان يايلاق مۇساپىر كۆچمەن چارۋىچىلارغا تەسەللىي بېرىش ئۈچۈنلا مەۋجۇت بولغاندەك قىلاتتى. خۇددى قان بىلەن ئوتتەك تەسىرلىك كۆچۈش تارىخى ئەنە شۇ يەردە ئاخىرلاشقانىدى.

شەرققە كۆچكەن كىشىلەر سېرىق ئۇيغۇرلار ئاساس قىلىنغان كۆپ مىللەتلىك گۇرۇھ ئىدى. موڭغۇللار، قىرغىزلار، تاتارلار ۋە كېرەيلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى سېرىق ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە «ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتاپتىكەن. شۇندىن ئېتىبارەن بىزنىڭ مىللىتىمىز ئەنە شۇ چىلىيەنشەن تېغى باغرىدا ياشاپ كەلگەنىكەن. بىزنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىمىزدە ئۇيغۇرلارنىڭ يالداممىسى، زاڭزۇلارنىڭ ئەسىرىمۇ بار. مېنىڭ يوغور قېرىنداشلىرىم 10 مىڭدىن ئارتۇقلا بولسىمۇ، ئۇلار قەدىمكى ئەنئەنىنى ساقلاپ قالغان. مېنىڭ مىللىتىم ناخشا ئېيتىشنى ياخشى كۆرىدۇ، كىشىلەر ھەتتا ناخشا ئارقىلىق 2000 نەچچە يىل ئىلگىرىكى ئەپسانە ئاھاڭلاردىن لەززەتلىنەلەيدۇ، بۇ ئاھاڭلارنى ھونلار بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بولغان ئېبىلبلار، ئۇيغۇرلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇيغۇرلار ئۇنى يەنە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ، تا ھازىرقى يۇغۇرلارغا قالدۇرغان، تارىخنى ئەسلىسەم مەڭگۈ يۇغۇر مىللىتىم ئۈچۈن ناخشا ئېيتىمەن.



تەھرىردىن: مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، بىز ياشاۋاتقان دۇنيانى ئاجايىپ قىزىقىشلىق قىلغان رەڭگا - رەڭ ئامىللارنىڭ بىرى. ژۇرنىلىمىزدا دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تونۇشتۇرۇۋاتىمىز، جۇڭگودىكى 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ تارىخىي مەنبەسى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تونۇشتۇرۇشنىمۇ باشلاپ، مۇشۇ ساندا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بولغان يۇغۇر مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتونوم ناھىيىسىنى تونۇشتۇردۇق.

ئۇيغۇر مىللىتىنى دۆلىتىمىز ئىچىدىكى 55 مىللەتكە ۋە دۇنياغا تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە، شىنجاڭ داشۆنىڭ پروفېسسورى يولداش ئابدۇكېرىم راخماننىڭ بىر يۈرۈش ماقالىسىنىڭ تۇنجىسى «ئۆرپ - ئادەتلەر توغرىسىدا»نى بۇ سانغا بەردۇق. كېيىنكى سانلاردىن باشلاپ تاكى كېلەر يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، «چاخچاق»، «ئۇيغۇرلاردا قوش باخشى»، «گۈلخۇمار ئۇيغۇرلار»، «مۇقەددەس سان توققۇز»، «ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت قاراشلىرى»، «ئۇيغۇرلاردا سىمۋوللۇق رەڭ چۈشەنچىلىرى» قاتارلىق چاتما ماقالىلەرنى بېرىپ تۇرماقچىمىز. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، تارىختىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرى، ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تارىخىي رىۋايەتلەرنىمۇ بېرىمىز. بىلىم خۇمار ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بىخەۋەر قالماسلىقىنى ۋە قانداق تەكلىپ، تەنقىد پىكىرلىرى بولسا، ئېرىنمەي بىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرۇشنى سورايمىز.

# ئۆرپ - ئادەتلەر توغرىسىدا

ئابدۇكېرىم راخمان

شىنجاڭ ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھالدا، كۆپ مىللەتلەر ياشاپ كەلگەن رايونلارنىڭ بىرى. ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە بۇ يەردە ياشىغۇچى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، خەنزۇ، خۇيزۇ، موڭغۇل، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار، مانجۇ، داغۇر، شىبە، روس قاتارلىق ھەر قايسى مىللەتلەر ۋەتىنىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىي ۋە تەبىئىي شارائىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتلار جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن ئۆزىگە خاس ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭمۇ ئوخشاش بولماسلىقى تەبىئىي ئەھۋال. شۇڭا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى بولغان ئۆرپ - ئادەتنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۆرپ - ئادەت — ئېتىقادنى يادرو قىلغان بىر خىل پسىخىك ئامىل. ئۇ دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەردە ئومۇمىي يۈزلۈك مەۋجۇت بولغان بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. يېقىنقى زامان ئىجتىمائىي پەنلىرىنىڭ ئاساسىنى سالغان مەشھۇر پەيلاسوپ ۋىكو ئۆزىنىڭ 1725 - يىلى ئېلان قىلغان دەۋر بۆلگۈچ مۇھىم ئەسىرى «يېڭى پەن»دە، بارلىق مىللەتلەردە، مەيلى ئۇ ياۋايى ياكى مەدەنىيەتلىك بولسۇن، ئۈچ تۈرلۈك «ئەدەبىيلىك ئومۇملاشقان ئۆرپ - ئادەت» مەۋجۇت، ئۇ بولسىمۇ ھەممىسىدە مەلۇم بىر خىل دىن بار، ھەممىسى ئوخشاشلا تەنتەنىلىك توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ، ھەممىسى بىردەك ئۆلگەن كىشىنى دەپنە قىلىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. دەرۋەقە، دۇنيادا ئۆرپ - ئادەتسىز بىرمۇ مىللەت يوق. بىز ھەممىمىز ئۆزىمىز تەۋە مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادەت تورى ئىچىدە ياشايمىز. بىزنىڭ پائالىيىتىمىز باشتىن - ئاخىر مۇئەييەن ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ ھەيدەكچىلىكى ۋە چەكلىمىسى ئىچىدە بولىدۇ. مەلۇم بىر مىللەت ياكى ئىجتىمائىي كوللېكتىپقا نىسبەتەن، ئۆزلىرى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئىجرا قىلىۋاتقان خاس ئۆرپ - ئادەتلىرى، گويا ھاياتنىڭ قانۇنىيىتىدەك، تەبىئىي شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك تۇيۇلىدۇ. لېكىن بۇنىڭغا ئىنچىكىلەپ دىققەت قىلغاندا، ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ھەرگىزمۇ تۇغما، تەبىئىي ۋە

ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەس، بەلكى شۇ مىللەتنىڭ بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپ شەكىللىنىشكە باشلاپ، تەدرىجىي پىشىپ يېتىلگەن ئىجتىمائىي ھادىسىدىن ئىبارەت. خۇددى مەشھۇر فولكلورشۇناس ئېدۋارد تەيلور كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك: «بىز بىر ئۆمۈر ئاشۇ مۇھىتنىڭ قۇچىقىدا ياشىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ خىل پاكىتلارغا ناھايىتى ئاز دىققەت قىلىمىز». بىراق، ئۆزىمىزگە ناھايىتى تەبىئىي تۇيۇلىدىغان ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز، دەل بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان خاس ئالاھىدىلىكى ۋە بەلگىسىدۇر.

ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتى شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ جانلىق ۋە كونكرېت كارتىنىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ مىللەتلەرنى ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بەلگىلەرنىڭ بىرى. شۇڭا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى بىلىش، شۇ مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىيات تارىخى، ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي - سىياسىي قۇرۇلمىسى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلى، قۇرۇلۇش سەنئىتى شۇنداقلا كىيىنىش، يېمەك - ئىچمەك ئادەتلىرى، قائىدە - مۇراسىملىرى، دىنىي ئېتىقادى، مىللىي خاراكتېر ۋە پسىخىكىسىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى قاتارلىقلارنى بىلىشتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدا، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر يالغۇز فولكلور تەتقىقاتىدا مۇھىم قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئىنسانشۇناسلىق، ئېتنوگرافىيە، سوتسىئولوگىيە، پسىخولوگىيە، تارىخ، دىنشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەر تەتقىقاتىدىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئۆرپ - ئادەتكە ئائىت ماتېرىياللىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكە خىزمەت.

ئۆرپ-ئادەت ئاساسلىرى ئۆزئاقتۇتمۇشنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇ روشەن تارىخىيلىككە ئىگە. شۇڭا ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بەلگىلىك دەرىجىدىكى دىنىي ئەقىدە ۋە خۇراپاتلىق ئىزىدىن خالىي بولالمايدۇ. بولۇپمۇ مەنىۋى تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ كۆپچىلىكى بىر خىل ئېتىقاد ھادىسىسى سۈپىتىدە، مۇئەييەن بىر دىنىي قاراشنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت. بۇ يەردىكى دىن تەبىئىي خاراكتېر ئالغان ئىپتىدائىي ۋە كېيىنكى ئىجتىمائىي خاراكتېر ئالغان ھازىرقى زامان دىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆرپ - ئادەتلەر مەيلى قايسى خاراكتېردىكى دىنلار بىلەن باغلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، «دىن دۇنياسى پەقەت رېئال دۇنيانىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر»

ماركسىزمنىڭ تونۇشىچە، دىن بىر خىل تارىخىي ھادىسە بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىيات تارىخىنىڭ بەلگىلىك باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى. دىن ئۆزگەرمەيدىغان، مۇتلەق قېتىپ قالغان نەرسە ئەمەس، ئەكسىچە ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى كۆپلىگەن دىنىي پائالىيەتلەر تەدرىجىي ھالدا ئۆزگىرىپ، خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادەت كاتېگورىيىسىگە سىڭىپ كىردى. شۇڭا بۇنداق ھادىسىلەرگە ئۇقۇل دىنىي نۇقتىدىن باھا بەرگىلى بولمايدۇ. ئالايلۇق، خەنزۇلارنىڭ «باھار بايرىمى» (چاغان) مۇسۇلمانلارنىڭ «روزى ھېيت»، «قۇربان ھېيت»لىرى، خرىستىئانلارنىڭ «روژدېستۋو» بايرىمى پەيدا بولۇش جەھەتتىن مۇئەييەن بىر دىننىڭ پائالىيەت شەكلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، ئۇزاق تارىخىي جەريانلار نەتىجىسىدە خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە سىڭىپ، ئەنئەنىۋى مىللىي بايراملارغا ئايلانغان.

ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىر قەدەر قەدىمكى ئۆرپ - ئادەتلەرگە كەلسەك، ئۇلاردىمۇ ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ روشەن ئىزنالىرى بايقىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بالىلىق دەۋرىدە پەيدا بولغان ئىپتىدائىي دىنلار، ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن بىر خىل تەبىئىي خاراكتېرگە ئىگە ئومۇمىي خەلق پائالىيىتى ۋە «خەلقنىڭ پوئېزىيىسى» ئىدى. كېيىنچە مۇئەييەن تەرەققىياتلارغا ئەگىشىپ، ئىپتىدائىي دىنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئومۇمىي خەلق خاراكتېردىكى

مۇھىم دىنىي خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى يوقالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بەزى مۇراسىملىرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەر خەلق ئۆرپ - ئادەت ئەنئەنىسى سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلدى.

دەرۋەقە، دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئىجتىمائىي تارىخىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، پىسخىك ئامىلغا ئايلانغان ئومۇمىي خەلق ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ تەركىبىگە كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ لېكىن، يەنى بىر قىسىملىرىنىڭ دىنىي خۇراپاتلىققا ياتىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلالمايمىز، ئەلۋەتتە. دىنىي خۇراپاتلىق، تەبىئىيكى، ھەرخىل ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىنتايىن سىرلىق ئۇسۇللار بىلەن بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈش، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بىخوتلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا ئادەت تۈسىدە شەكىللەنگەن بۇ خىل ھادىسىلەرگە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر ۋە ئاتېئىزملىق قاراش بويىچە توغرا مۇئامىلە قىلىش لازىم.

شۇنىسى ئېنىقكى، جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىشى، ئىلىم - پەننىڭ يۈكسىلىشى ۋە ئومۇمىي خەلق مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، بەزى خۇراپىي ئادەتلەر ئازقىلىش جەريانىدا ئەسلىدىكى سىرلىق تۈسىنى ئاستا - ئاستا يوقىتىدۇ. كىشىلەر ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا بەزى مۇۋاپىق ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقىپ، خۇراپاتلىق كىشەندىن ئازاد بولىدۇ، ھەمدە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولىدىغان بىر خىل ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ئەنئەنىۋى ئادەتلەر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش مەقسىدىگە بىۋاسىتە خىزمەت قىلىدۇ.

ئۆرپ - ئادەت ئالدى بىلەن روشەن مىللىيلىككە ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئومۇملۇققا ئىگە بولىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق بىر مىللەت جەمئىيەتتىن ئاشقىرى بولغان يىگانە بوشلۇقتا ياشىماستىن بەلكى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئورتاق ھايات كەچۈرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى ئۆزئارا بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. بۇنداق تەسىر تارىخىي ھالدا شەكىللەنگەن ھەمدە سۇبيېكتىپ ئىرادىگە باغلىق بولمىغان بىر خىل تەبىئىي ھادىسە. خۇددى چىڭگىز ئايتماتوۋ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «بىر مىللەت پەقەت بەزى نەرسىلەرنى يوقۇتۇش ھېسابىغا يېڭى نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ». مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە بەزى ئادەتلەر ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان بولۇپ، مىللەت چېگرىسىدىن ھالقىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر تۇرمۇشىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ ئىنتېرناتسىونالىق دىئالېكتىكىسىنى بىلىش فولكلور تەتقىقاتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ۋەزىپىسى. مەلۇمكى؛ ئۇيغۇرلار مەملىكىتىمىزدە ياشىغۇچى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى. شۇنداقلا، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن خەلقلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا كۆپ خىل دىنلار، كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، مۇرەككەپ ۋە قويۇق مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا مۇشۇنداق بىر قەدىمىي مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىش، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشتە كەم بولسا بولمايدىغان خىزمەتلەرنىڭ بىرى. بۇ خىزمەت ئۆز نۆۋىتىدە يەنە، بۈگۈنكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش مەركەز قىلىنغان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

«دۇنيا بىزنى چۈشەنسۇن، بىز دۇنيانى چۈشىنەيلى» دېگەن شوئار ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش دەۋرىگە مۇناسىپ ھالدا ياخشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنداق ئۆزئارا چۈشىنىشتە، ھەر قايسى ئەللەر، ھەرقايسى مىللەتلەر بىر - بىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا قوللاش، ئۆزئارا ياردەم بېرىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولىدۇ.

تەھرىردىن: ئالىملار تارىخ كىشىنى ئەقىللىق قىلىدۇ دېگەن ئىكەن. مۇشتەرىلىرىمىزنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ژۇرنىلىمىزدا دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى، جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت قىزىقارلىق ماتېرىياللارنى تونۇشتۇرماقچىمىز. «ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەر» مۇشۇ ھەقتىكى پىلانىمىزنىڭ تۇنجىسى. ھۆرمەتلىك كىتابخان: بىخەۋەر قالمىغايسىز. تەكلىپ، تەنقىدلىرىڭىز بولسا، ئەۋەتىپ تۇرۇڭ.

# ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەر

ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق

ئۇيغۇرلار قەدىمكى ھونلار، دىڭلىڭلار قىرغىزلار، ئۇيسۇنلار، باۋچىلار، قاڭلىلار، ئالانلار ساناپلار، جۇجانلار، كۆكتۈركلەر ۋە باشقا چوڭ-كىچىك قەبىلىلەرگە ئوخشاشلا، مەملىكىتىمىزنىڭ كەڭ شىمالىي، غەربىي شىمالىي رايونلىرىنى ئۇزۇن قولى بىلەن ئېچىپ گۈللەندۈرۈشكە قاتناشقان، ۋەتىنىمىزنىڭ پارلاق ۋە خىلمۇ خىل مەدەنىيىتىنى، ئۇزاق تارىخىنى بىللە ياراتقان، جۈملىدىن ئاسىيا قىتئەسىدە زور رول ئويناپ، دۇنيا تارىخىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئالغان بىر مىللەتتۇر. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇر دېگەن ئىسىمنىڭ نامى، مىلادىيدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردىن باشلاپلا، ئۇنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن بىللە جۇڭگو ۋە چەت ئەللىكلەرنىڭ زور دىققەت نەزەرىنى قوزغاپ كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندە، دۆلىتىمىزنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىي رايونلىرىدا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ماتېرىياللار ناھايىتى كۆپ، رىۋايەتلەرمۇ نۇرغۇن. بىز تۆۋەندە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ئايرىم رىۋايەتلەرنىلا ئەسلەپ ئۆتىمىز.

مىلادى 1250 - يىلى خۇراسانلىق ئالائىددىن ئەتا مۇلۇك بىننى باھائىددىن مۇھەممەت جۇۋەينى (مىلادى 1258 - يىلى ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى جاھانگۇشاي» («جاھاننى ئىستىلا قىلغۇچىلار تارىخى») ناملىق كىتابدا، ئۇيغۇرلار ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت يېزىلغان.

«ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئەسلىدە ئورخۇن دەريا ۋادىسىدا ياشايدىغان بولۇپ، بۇ دەريا قاراقورۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چۈشەتتى. بۈگۈنكى قاغان (ئۆكتاي) ئوردىسى جايلاشقان شەھەرمۇ ئەنە شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ دەريا 30 ئېقىننىڭ قوشۇلۇشىدىن پەيدا بولغان بولۇپ، شۇ 30 ئېقىننىڭ بويىدا 30 قەبىلە ياشايتتى. ئورخۇن دەريا ۋادىسىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئىككى قەبىلىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر بىر قەبىلىنىڭ بىردىن باشلىقى بار ئىدى. 500 يىلدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بۇقاخان دېگەن بىر باشلىق چىقتى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ ئادەم ئەپراسىياپ دېگەن ئادەمنىڭ ئۆزى ئىكەن. قاراقورۇم تاغلىرىنىڭ ئىچىدە بىر كونا خەندەك بار ئىكەن، رىۋايەتلەردە بۇ «بەجەن خەندىكى» دەپ ئاتىلىدىكەن. ھازىرقى ئورخۇن دەريا ۋادىسىدا بىر كونا شەھەرنىڭ ئوردا خارابىسى بار. بۇرۇن بۇ شەھەرنى «ئوردۇ بالىق» دەپ ئاتايدىكەن. ھازىر بۇ شەھەرنى «ماۋبالىق» دەيدۇ. ئوردىنىڭ ئالدىدا بىر خىل يېزىق يېزىلغان تاشنى كۆرگەن ئىدىم. قاغان (ئۆكتاي) تەختتە تۇرغان چاغدا بۇ تاشنى ئېلىپ كەتكەن ئىكەن. خەندەكنىڭ ئالدىدىمۇ بىر قەبرە تېشى بولۇپ، ئۇنىڭغىمۇ بىر خىل يېزىق يېزىلغان ئىكەن. قاغان ھەر بىر ئەلگە

بۇ خەتنى ئوقۇپ چىقىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەندە، ئۇنى ئوقۇيدىغان ئادەم چىقماپتۇ. بۇ چاغدا چىندىن (جۇڭگودىن) بىر قامان كېلىپ، بۇ خەتنى ئوقۇپ، تەرجىمە قىلغانىكەن. بۇ خەتتە: «قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان تۇغلا ۋە سېلىنگىر دېگەن ئىككى دەريانىڭ قوشۇلىدىغان يېرىدە قۇملانچۇ دېگەن بىر جاي بار ئىكەن. بۇ جايدا بىر-بىرىگە يېقىن ئۆسكەن ئىككى تۈپ دەرەخ بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىرسىنى «پىستۇك» دەيدىكەن. بۇ قارىغايغا ئوخشاش بىر خىل دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭ شاخ ۋە يوپۇرماقلىرى ھەر دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىكەن. قارىغاي مەدىنىگە ئوخشاش بىر خىل ئۈرۈقى بار ئىكەن. يەنە بىرسى بولسا قىزىل قارىغاي ئىكەن. بۇ ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك دۆڭ بولۇپ، بۇ دۆڭ دائىم ئېگىزلەپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىدە بولسا دائىم يېنىپ تۇرىدىغان بىر چىراغ بار ئىكەن. ئۇيغۇرلار بۇ جايغا كېلىپ تاۋاپ قىلسا، ئۇ جايدىن خۇددى ناخشىدەك بىر خىل ئاۋازنى ئاڭلايدىكەن. بۇنداق ئەھۋال ھەر كېچىسى بولۇپ تۇرىدىكەن. دۆڭدىكى چىراغ بولسا، ئوتتۇز قەدەم قالغاندا، پاللداپ يېنىشقا باشلايدىكەن. ھېلىقى دۆڭ ئۇسۇۋېرىپ، بىر كۈنى ئۇنىڭدىن ئۇشتۇمتۇت بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ. ئىشىكنىڭ ئىچىدە خۇددى چېدىرغا ئوخشايدىغان بەش ئېگىزلىك ئۆي بار ئىكەن. ھەربىر ئۆيدە بىردىن تور ئېسىغلىق ئىكەن. ھەر تورنىڭ ئىچىدە ئاغزىغا ئېمىزەك سېلىنغان بىردىن بالا يېتىپتۇ. قەبىلە باشلىقلىرى بۇلارنى ئىلاھ دەپ چوقۇنۇپتۇ. بۇ باللار ئۆيىگە كىرگەن ھاۋانىڭ تەسىرى ئاستىدا ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۆيدىن چىقىپتۇ، ئۇيغۇرلار بۇ باللارنى خوتۇنلىرىغا ئەمدۈرۈپ چوڭ قىلىپتۇ، بۇلار



گەپ قىلىشقا باشلاپتۇ-دە، ئاتا-ئانىسىنى ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ. ئۇلار كىشىلەرنى ھېلىقى ئىككى تۈپ دەرەخ تەرەپكە باشلاپ، باشقىلارنىمۇ تاۋاپ قىلدۇرۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئىككى تۈپ دەرەختىن زۇۋان چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئەدەبلىك بولۇپ ئۆسۈشىنى ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، شۆھرەت قازىنىشىنى تىلەپتۇ. باشقىلار بۇ بەش بالىنى خۇددى تېكىنلەردەك (شاھزادىلەردەك) كۆرۈپ ھۆرمەتلەپ ئۆستۈرۈپتۇ. بۇ بەش بالىنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭىغا سۇڭقار تېكىن، ئىككىنچىسىگە قوتۇر تېكىن، ئۈچىنچىسىگە بۇقاق تېكىن، تۆتىنچىسىگە ئور تېكىن، بەشىنچىسىگە بۇقا تېكىن دەپ ئات قويۇپتۇ. ئۇيغۇرلار بۇ تېكىنلەرنى تەڭرى بەرگەن دەپ ھېسابلاپ، ئۇلارنىڭ بىرسىنى ئۆزىگە باشلىق قىلىپ

سايلىماقچى بولۇپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كىچىككى بۇقا تېكىن ناھايىتى چىرايلىق، قابىلىيەتلىك، ھەممە ئەلنىڭ تىلىنى بىلىدىغان بالا ئىكەن. ئۇيغۇرلار ئۇنى ئۆزىگە قاغان قىلىپ سايلاپتۇ. بۇقا تېكىن قاغان بولغاندىن كېيىن، ئەل ياخشىلىنىپ، نوپۇس تېز كۆپىيىپتۇ. تەڭرى ئۇنىڭغا ئۈچ قۇش بېرىپتۇ. بۇ قۇشلار ھەممە ئەلنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن. قاغان بۇ قۇشلارنى باشقا ئەللەرگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدىكەن.»

«كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر كېچىدە بۇقا قاغاننىڭ ياتقان ئۆيىگە بىر قىز شەكىللىك پەرىشتە كىرىپتۇ. خانىنى تىترەك بېسىپتۇ. ئۇنىڭ ئاغزىغا زۇۋان كەلمەي، ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋاپتۇ. بۇ ئەھۋال كېيىنكى كېچىسىمۇ يۈز بېرىپتۇ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

## ژۇرنىلىمىزغا باھا

1. قايسى سەھىپىلەرنى ياقتۇرۇسىز:

A ____________________ B ____________________

C ____________________ D ____________________

2. قايسى سەھىپىلەرنى ياقتۇرمايسىز:

A ____________________ B ____________________

C ____________________ D ____________________

3. قايسى ماقالىلار سىزگە ياقتى:

A ________________________________________

B ________________________________________

4. قايسى ماقالىلار سىزگە ياقمىدى:

A ________________________________________

B ________________________________________

ئىسىم فامىلىڭىز ____________________

ئادرېسىڭىز ____________________

ئابدۇكېرىم نەسىردىن 1947 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇغۇلغان. شىنجاڭ رەسساملار ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مەملىكەتلىك 1 - دەرىجىلىك رەسسام، بىز بۇ ساندا ئابدۇكېرىم نەسىردىننىڭ بىر قىسىم ماي بوياق ئەسەرلىرىنى ۋە بىر پارچە تونۇشتۇرۇش ماقالىسىنى بەردۇق — تەھرىردىن.

# ئابدۇكېرىم نەسىردىن ۋە ئۇنىڭ ماي بوياق ئەسەرلىرى

جەي جيەنجۇن

ئابدۇكېرىم نەسىردىننىڭ جۇڭگونىڭ ماي بوياق رەسىم سەنئىتى ساھەسىدە كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىشى ۋە تەرەپلىنىشى ئۇنىڭ مەركىزىي گۈزەل سەنئەت ئىنىستىتۇتىنىڭ ئاسپىرانتلار سىنىپىنى پۈتتۈرۈش ئىجادىيىتى بولغان «مەشرەپ» ناملىق ئەسىرىنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن باشلانغان، «مەشرەپ» گويا باھاردىن خەۋەر بەرگۈچى قۇش بولدى. بۇ ئەسەر شىنجاڭغىلا خاس ئەسىرلىك تۇرمۇش مەنزىرىسىنى مۇكەممەل ماي بوياق رەسىم سەنئىتىنىڭ بەدىئىي تىلى ئارقىلىق جەلپ قىلارلىق ھالدا ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇ رەسىمنى كۆرگۈچىلەر ئۇنىڭدىكى قويۇق شادلىق كەيپىياتى ۋە جانلىق بەدىئىي ئوبرازدىن ھاياجانلانماي تۇرالمايدۇ. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن، 80 - يىللاردىن باشلاپ «مۇڭ»، «قۇمۇل مەشرىپى»، «خەلق ئوقۇتقۇچىسى»، «ئىدىقۇت خارابىسى»، «كېرىيىلىكلەر» قاتارلىق كۆپلىگەن ماي بوياق رەسىملىرىنى ئارقىمۇ - ئارقا تاماملىدى، بۇلاردىن بەزىلىرى مەملىكەتلىك چوڭ كۆرگەزمىلەرگە تاللاندى، خەلق سارىيىدا كۆرگەزمىگە قويۇلدى، بەزىلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى، يەنە بەزىلىرى، جۇڭگو گۈزەل سەنئەت سارىيىدا ساقلاندى ۋە چەت ئەللەردە كۆرگەزمە قىلىندى ... ئۆزگىچە بەدىئىي كۈچكە ئىگە بۇ ئەسەرلەر كىشىلەردە گۈزەل ۋە چوڭقۇر تەسىراتلار قالدۇردى. ئابدۇكېرىم نەسىردىن تېزدىنلا مەملىكەت بويىچە خېلىلا تەسىرگە ئىگە مەشھۇر ماي بوياق رەسسامغا ئايلاندى.



ئۇ ئۇيغۇر مىللىتىدىن چىققان رېئالىست رەسسام. ئۇنىڭ سەنئەتتىكى سېھرىي كۈچى ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىنى پىششىق بىلىشى ۋە ئۇنىڭغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىدىن يارالغان. ئۇ شىنجاڭدىن ئىبارەت مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلۇپ، مۇشۇ زېمىننىڭ ئىسسىقىنى ۋە يەل - يېمىشلىرىنى يەپ چوڭ بولغان. شۇڭا ئۇ مۇشۇ تۇپراققا تەبىئىي ھالدىلا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ، بۇ يەرنىڭ تاغ - دەريالىرىنى، گۈل - گىياھلىرىنى، خەلقىنى، ئۆرپ - ئادىتىنى قىزغىن سۆيگەن. شۇڭلاشقا ئۇ مىللىي تۇرمۇشتىكى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان مەنزىرە ۋە ھېسسىياتلارنى چۈشەنگەن ۋە ئىگىلەپ ئالالىغان. «مۇڭ»نى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، بەلگىلىك سىيۇژىتتىكى ياش قىرغىز ئايالىنىڭ گۈزەل قەددى - قامىتىنىڭ تاللىنىشى ۋە تەسىرلىنىشى، قىياشراق چىگىلگەن ياغلىقى، قارلىغاچ قانىتىدەك ئېگىلگەن قاشلىرى، تۆۋەنگە باققان كۆزى، شۇنداقلا قومۇز چېلىۋاتقان چاغدىكى قول، بېغىش بىلەن كالپۇكىنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن رەسسامنىڭ ئۆزى

# فه ن چاڭخۇه ن ئه سه رلىرىدىن تاللانما



ئاپتورنىڭ يېقىنقى سۈرىتى

مۇلاۋ

مىللىتىنىڭ

بىرىنچى

ئه ۋلاد

ره سسامى



نىلۇپه ر



تۇمانلىق سه هه ر

# ئابدۇكېرىم نەسىردىننىڭ ماي بوياق رەسىملىرى



كېرىيەلىكلەر



يۈسۈپ خاس ھاجىپ



ئىدىقۇت خارابىسى



ئالتايدىكى قېيىنزارلىق



مۇڭ



يىزۇ قىزلىرى

خەن سىنجولڭ فوتوسى



قارلىق تاغقا مۇھەببەت

تاڭ پېڭگاۋ فوتوسى

فوتو سۈرەت ئەسەرلىرىدىن تاللانما

ئەسىرلەۋاتقان تۇرمۇشقا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئابدۇكېرىم نەسىردىننىڭ بەدىئىي سېھرىي كۈچى يەنە ئۇنىڭ تۇرمۇشنى ئىندىۋىدۇئاللىققا باي رەسساملىق كۆزى ۋە قەلبى بىلەن كۆزەتكەن ۋە سېزىۋالغانلىقى، ماي بوياق رەسىمنىڭ ئالاھىدە بەدىئىي تىلغا ئىگە بولغانلىقى ۋە ماي بوياق رەسىم سەنئىتىنىڭ شەكىللىرىنى ئىجادىي ئىشلىتىپ، تۇرمۇشتىكى ئەبەدىي شەيئىلەرنى كىشىنى تەسىرلەندۈرەلەيدىغان بەدىئىي ئوبرازغا ئايلاندۇرغانلىقىدا. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ رەسىملىرى ھەم تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى بولغان، ھەم تۇرمۇشنىڭ ئەينەن ئۆزى بولۇپ قالمىغان؛ ھەم ئەبەدىي تۇرمۇشتىكى چىن دۇنيا ھەم قەلبىدىكى بەدىئىي دۇنيا بولغان؛ ھەم ماددا، ھەم رەڭ، ھەم شەكىل ھەم سىزىق بولالىغان، ئابدۇكېرىم نەسىردىن رەسساملىق سەنئىتىنىڭ يۇقىرىقىدەك بەدىئىي ۋاسىتىلىرىنى ئىشلىتىش جەريانىدا ئاز سانلىق مىللەت گۈزەل سەنئىتىدىكى خاس تۇيغۇ ۋە شەكىل ئارقىلىق روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە كۈچلۈك ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە ماي بوياق رەسىملىرىنى ياراتتى. مۇكەممەل تەسەۋۋۇر، يارقىن رەڭ، ئېنىق قۇرۇلما، كۈچەيتىلگەن ئوبراز، گەۋدىلەنگەن سىزىق قاتارلىقلار ئۇنىڭ رەسساملىق سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاسلىقىنى شەكىللەندۈرگەن، ھەم ئۇنىڭ ماي بوياق رەسىملىرىنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلغان. «قۇمۇل مەشرىپى»، «مۇڭ»، «كېرىيىلىكلەر» مۇشۇ ئالاھىدىلىككە ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئەسەرلەردۇر.

كەسىپداش بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شۇنى چوڭقۇر چۈشىنىمەنكى، بىر خىل بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتە ئىزدىنىش ۋە ھەر قانداق بىر بەدىئىي ئالاھىدىلىكنى يارىتىش ئوڭاي ئىش ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت ئەمەلىيەت جەريانىدا تىرىشىشقا ۋە خاملىقتىن پىشىپ يېتىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلەيدىغان ئىنتايىن جاپالىق جەرياننى باشتىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. گەرچە ئابدۇكېرىم نەسىردىن ئون يىلغا يېقىن بېيجىڭدىكى كەسپىي سەنئەت ئىنستىتۇتلىرىدا تەلىم ئېلىپ ئىنتايىن ياخشى ئاساس ۋە ماھارەت ئىگىلىگەن بولسىمۇ، بىراق ھەقىقىي ئىجادىيەت ئوقۇش تارىخىغا تايىنىپ بارلىققا كېلىدىغان شۇنداقلا ماھارەتكە تايىنىپلا ئېرىشكىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئىجادىيەت بەدىئىي جەھەتتىكى يېڭىلىق يارىتىش روھى ۋە جاسارەتكە، ئۆزىگە خاس تونۇش - قاراش ۋە ئەقىل - پاراسەتكە ھەمدە خېلىلا يۇقىرى تەربىيىلىنىش ۋە چوڭ يۈرەكلىككە تايانغاندىلا بارلىققا كېلىدۇ.

ھازىر ئابدۇكېرىم نەسىردىن ئوتتۇرا ياشقا كەلدى. بۇ ئۇنىڭ تالانتى ئۇرغۇپ تۇرغان ۋە كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان چاغلىرى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يېقىنقى يىللاردا بەختكە يارىشا جۇڭگو رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ تەيىنلىشى بىلەن فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان خەلقئارا سەنئەت شەھىرىگە بېرىپ، خېلى ئۇزۇن ۋاقىت سەنئەت تەكشۈرۈشى ئېلىپ باردى ھەم غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدە سەيلە - ساياھەتتە بولۇپ، ھەر قايسى سەنئەت مۇزېيلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى مەشھۇر گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلى نۇسخىلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ چىقتى. شۈبھىسىزكى، بۇ ھال ئۇنىڭ سەنئەت ئەمەلىيىتىدە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەن ئابدۇكېرىم نەسىردىننىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە بەدىئىي ئىجادىيىتىدىكى ھارماي - تالماي ئىزدىنىشلىرىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ ماي بوياق سەنئىتىنىڭ چوقۇم تېخىمۇ خۇشاللىنارلىق تەرەققىياتلارغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئۇنىڭ تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشىگە تىلەكداشمەن.

(ماقالە ئاپتورى: جەن جيەنجۇڭ ئەپەندى — جۇڭگو رەسساملار جەمئىيىتى ماي بوياق رەسىم ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى، مەركىزىي گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى)

# تەكلىپ مەستانىسى

— خۇيزۇ ياش ماخۇگېي ھەققىدە

لەن جىچى

1992 - يىلى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى «چۈشلۈك يېرىم سائەت» پروگراممىسىدا ياش خۇيزۇ ئالىم ماخۇگېينىڭ ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا نۇرغۇن يازما ئىجابىي تەكلىپلەرنى بەرگەنلىكى ھەم لى رۇيخۇەن، چېن شىتۇڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ۋە باشقا ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر بېرىلدى.

گەپنى باشتىن باشلايلى.

1991 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «بېيجىڭ گېزىتى»نىڭ بىرىنچى بېتىنىڭ كۆرۈنەرلىك يېرىدە «شەھەرلىك ھۆكۈمەت خەلقنىڭ پىكرىنى يىغىش ئىشخانىسى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى. ھەر ساھە ئاممىسىنىڭ شەھىرىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، شەھەر قۇرۇلۇشىنى پىلانلاش قاتارلىق مۇھىم ھەم چوڭ مەسىلىلەرگە ئائىت پىكىرلىرىنى ئوچۇق قوبۇل قىلىمىز» دېگەن خەۋەر ئېلان قىلىندى. بۇ خەۋەر قىسقا بولسىمۇ لېكىن ماخۇگېينى خۇشال قىلدى، ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى.

بۇندىن تەخمىنەن ئۈچ يىل ئىلگىرى ماخۇگېي «نۇر گېزىتى»دىن سەنشى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاممىنىڭ پىكرىنى يىغىش باشقارمىسى تەسىس قىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى كۆرۈپ، ئۆزىمۇ شۇنداق بىر ئورۇننىڭ ھەممە جايدا بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ رەھبەرلىرىگە خەت ئارقىلىق سەنشى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ، خەلقنىڭ پىكرىنى يىغىش ئورگىنى تەسىس قىلىش تەكلىپىنى بېرىدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي شاڭخەي شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئەينى ۋاقىتتىكى شەھەر باشلىقى جۇرۇڭجىغا ۋەكالىتەن ماخۇگېيغا جاۋاب خەت يېزىپ، سەنشىنىڭ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ شاڭخەيدە بۇ خىزمەتنى قانداق قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئويلىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن. ماخۇگېينىڭ بېيجىڭ شەھىرىنىڭ باشلىقى چېن شىتۇڭغا يازغان خېتىمۇ تېزلا شەھەرلىك ھۆكۈمەت كاتىباتى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى تيې يىڭنىڭ قولىغا يەتكۈزۈلگەندە ئۇ دەرھال تەستىق سېلىپ، شەھەرلىك ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭىنىڭ كونكرېت لايىھە تۈزۈپ چىقىش ھەمدە ماخۇگېيغا رەھمەت خېتى يېزىش ھەققىدە تەستىق سالدى.

1982 - يىلى 6 - ئايدا، ماخۇگېي مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتاتتى. بىر كۈنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ شەرتنامە - قانۇن مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى خۇاڭ جىياخۇا تەكلىپكە بىنائەن مەكتەپكە كېلىپ خەلقئارا قانۇن توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلەيدۇ. ماخۇگېي مۇۋاپىق پەيتتە، ئۇزۇندىن بېرى ئويلىنىپ كېلىۋاتقان بىر مەسىلىنى خۇاڭ جىياخۇاغا بايان قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «جەنۇبىي قۇتۇپ ئىگىلىك ھوقۇقى يوق بىر چوڭ قۇرۇقلۇق. ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى، لېكىن 1959 - يىلىدىكى خەلقئارا جەنۇبىي قۇتۇپ شەرتنامىسىگە قاتناشقان دۆلەتلەر ئۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى ئايرىماقتا. ئەگەر جۇڭگو بالدۇرراق بۇ شەرتنامىگە قاتنىشىپ دۆلەت بايرىقىنى جەنۇبىي قۇتۇپ قۇرۇقلۇقىغا تىكلىمىسە كەلگۈسىدە بۇ قۇرۇقلۇقنى ئېچىش ئىشىغا قاتناشمىقى تەس بولىدۇ.» بۇنى ئاڭلىغان خۇاڭ جىياخۇا سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن كەسكىن

ھالدا: «سىزنىڭ پىكىرىڭىزنىڭ قىممىتى بار ئىكەن، پات ئارىدا ماڭا يازما ماتېرىيال سۇنسىڭىز قانداق؟» دەيدۇ. ماخۇڭكىي ناھايىتى خۇشال ھالدا ماقۇل بولۇپ، دەرھال بىر پارچە ماتېرىيال يېزىپ خۇاڭ جياخۇاغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. يازما ماتېرىيالنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، خۇاڭ جياخۇا ئۇنىڭغا خەت يېزىپ رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ پىكرىگە ناھايىتى قىزىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ماخۇڭكىي دائىم بىر ئادەمنىڭ كەسپى ۋە خىزمەت ئورنىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ھەر ۋاقىت دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

ماخۇڭكىي مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، بىر مەزگىل ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۇ بېيجىڭدىكى چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئورگانلىرىدا ھەم مۇستەقىل مەبلەغ سالغان ھەم شېرىكلەشكەن كارخانىلاردا ياللىنىپ ئىشلەۋاتقان نۇرغۇن جۇڭگولۇقلارنىڭ بارلىقىنى، بۇلارنىڭ بېيجىڭ شەھەرلىك چەت ئەل كارخانىلىرى مۇلازىمەت شىركىتى تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنىپ، ئاندىن چەت ئەل كارخانىلىرىغا كۆرسىتىپ بېرىلىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئەگەر بۇ خىزمەتچىلەرنى كۆرسەتكەندە مەقسەتلىك، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا كۆرسىتىلسە، ئۇنداقتا ئۇلار چەت ئەل كارخانىلىرىدا ئىشلىگەن مەزگىلدە چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىۋالالايدۇ. توختام مۇددىتى توشۇپ جۇڭگو تەرەپتىكى ئورۇنلارغا قايتىپ كېلىپ خىزمەت قىلغاندا، ئۇ يەردە ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئىشلىتەلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق چەت ئەل كارخانىلىرىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگونىڭ ئىقتىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ماخۇڭكىينىڭ قارىشىچە، جۇڭگو ھازىر ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋەتتى، ھەر قايسى ساھەدە ئىقتىساس ئىگىلىرى ناھايىتى كەمچىل. چەت ئەل كارخانىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىقتىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، بىردىنبىر ئىشەنچلىك، ئەپچىل چارە. شۇڭا ئۇ «چەت ئەلنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئاپپاراتىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگو ئىقتىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش توغرىسىدا تەكلىپ»نى يېزىپ، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مائارىپ مەھكىمىسى ۋە بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىندىن ئىبارەت چەت ئەل كارخانىلىرى بىر قەدەر كۆپ مەركەزلەشكەن شەھەرلەرگە ئەۋەتتى.

1985 - يىلى 1 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ماخۇڭكىي شاڭخەيدىن ئەۋەتىلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ خەتنى ئېچىپ قارىسا، بۇ خەت شاڭخەي شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ خېتى ئىكەن. خەتتە: «سىز ئوتتۇرىغا قويغان چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئاپپاراتلىرىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ ئىقتىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش توغرىسىدىكى تەكلىپىڭىزگە ناھايىتى قىزىقىۋاتىمىز، ھەمدە قانداق قىلىپ بۇ خىل ئۇسۇلدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىقتىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى ئويلىشىۋاتىمىز ۋە تەتقىق قىلىۋاتىمىز...» دېيىلگەن. ئۇزاق ئۆتمەي ماخۇڭكىيغا تيەنجىندىنمۇ جاۋاب خەت كەلدى، خەتتە ئەينى ۋاقىتتىكى تيەنجىن شەھىرىنىڭ باشلىقى لى رۇيخۇەن ۋە تاشقى ئىقتىساد، سودا خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى لى فىڭچىنىڭ تەستىقى بار بولۇپ، ئۇنىڭ تەكلىپى قوبۇل قىلىندى.

دەسلەپتە ماخۇڭكىي پوچتا تېلېگراف مىنىستىرلىكىنىڭ سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىدا ئىشلىدى، كېيىن قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھات، قانۇن - تۈزۈم مەھكىمىسىگە يۆتكىلىپ شۇ يەردە ئىشلەۋاتىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ يەنە شەھەر قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش، قاتارلىق جەھەتلەردىكى نۇرغۇن ياخشى تەكلىپلەرنى بەردى. بۇ تەكلىپلەرنىڭ بەزىلىرى قوبۇل قىلىندى،

(ئاخىرى 47 - بەتتە)

# پاكىستاندىكى ئاھالىسى كۆپ مىللەتلەر

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىلەن چېگرىلىشىپ تۇرىدىغان پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت. پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسى 100 مىليونغا يېقىن بولۇپ، ئاساسلىق مىللەتلەر پەنجاپ مىللىتى، پاتان (پۇشتۇ) مىللىتى، سىند مىللىتى ۋە بېلوجى مىللەتلىرىدۇر. بۇلار ياۋروپا - رىم - ئىرقىنىڭ، ھىندى - ئوتتۇرا دېڭىز تىپىغا كىرىدۇ. پەنجاپ مىللىتى پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 63 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، كۆپچىلىكى مۇنبەت پەنجاپ ئۆلكىسىدە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. توقۇمىچىلىق، ساپالچىلىق، گىلەمچىلىك ۋە ياغاچ ئويمىچىلىق كەسىپلىرى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان. پاكىستاندىكى مىللەتلەر ئارىسىدا مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى مىللەت. سىند مىللىتى ئاھالىسى 12 مىليوندىن كۆپرەك، ئۇلار پاكىستاننىڭ سىند ئۆلكىسىگە تارقالغان، ھىندىستان چېگرىسى ئىچىگىمۇ تارقالغان بولۇپ، پاكىستان ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 18 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. سىند مىللىتى ھىندىستان ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ئەرەب مەدەنىيىتىنى ئەڭ بۇرۇن قوبۇل قىلغان مىللەتتۇر. پاتان مىللىتى چېگرا ئاتلاپ ئولتۇراقلاشقان مىللەت بولۇپ، ئافغانىستاندا 8 مىليوندىن كۆپرەك. پاكىستاندا 10 مىليوندىن كۆپرەك پاتانلار بار، پاكىستاندىكى پاتانلار پاكىستان ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 11 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. غەربىي شىمالدىكى چېگرا ئۆلكىلەر ۋە بېلوجىستان ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان بىر قىسىم پاتانلار دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇغداي، تېرىق تېرىيدۇ، مېۋىلىك دەرەخ، كېۋەز ئۆستۈرىدۇ. يەنە بىر قىسىم پاتانلار سانائەت ۋە بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كۆچمەن، يېرىم كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرى قوي، كالا، ئات، تۆگە باقىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا بېلوجى مىللىتى بېلوجىستان ئۆلكىسىگە، سىند ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىغا ھەمدە پەنجاپ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا، ھىندىستان، ئىران، ئافغانىستانغا تارقالغان، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدىمۇ بار. ئۇلار چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ.

پاكىستاندىكى مىللەتلەر ئارىسىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىرى ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 97 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر دىنىي ئېتىقادقا ئاساسەن، مۇسۇلمانلارنى «كۆپ سانلىق مىللەت» دەپ، ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان غەيرىي مۇسۇلمانلارنى «ئاز سانلىق مىللەت» دەپ ئاتايدۇ.

(تۆمەر موللا: ت)





گۈل — دوستلۇقنىڭ سىمۋولى. ئەمما فرانسىيەدە گۈلنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنى دوستلۇق دائىرىسىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشۈش بىلەن، گۈلنىڭ تۈرى، رەڭگى ۋە گۈل دەستىسىنىڭ تۈزۈلۈش سانىنىڭ ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلىدىن ھەرخىل بولىدۇ. مەسىلەن، قىزىل گۈل ئادەتتە مۇھەببەتنى ئىپادىلەيدۇ، ئادەتتە ياش خېنىملارغا تەقدىم قىلىنىدۇ. ياش يىگىتلەر بىر تال قىزىل گۈلنى بىرەر قىزغا تەقدىم قىلسا، ئادەتتە بۇ مۇھەببەت ئۈچۈن، دەپ چۈشىنىلىدۇ. ئەمما ئوغۇل - قىز ساۋاقداش دوست - بۇرادەرلەر ئارىسىدىمۇ قىزىل گۈل تەقدىم قىلىشىدىغان ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس. لېكىن بۇ مۇھەببەت ئىزھار قىلىشنىڭ ئىپادىسى بولۇشىمۇ ناتايىن. ئېرى خوتۇنىغا تەقدىم قىلىدىغان گۈل شۈبھىسىزكى قىزىل گۈل بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇ بىر تال بولمايدۇ. بەلكى جۈپ سانلىق بىر دەستە گۈل بولىدۇ.

مۇھەببەتداشلار ياكى ئەر خوتۇنلاردىن سىرت، دوستلار ئارىسىدىكى ھال سورىشىش چاغلىرىدىمۇ گۈل تەقدىم قىلىشىدىغان قائىدىمۇ بار. شۇنداقتىمۇ، مۇنداق ئەھۋالدا رەڭ تۈرى تولۇق بولغان گۈل دەستىسى (سانى جۈپ بولىدۇ) تەقدىم قىلىشىدۇ.

# فرانسۇزلارنىڭ سوۋغا تەقدىم قىلىش ئادىتى

سوۋغا تەقدىم قىلىش ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل ئالاقە مەزمۇنى بولۇپ، بۇ ھەرقايسى ئەللەردە مودىغا ئايلانغان. شۇنداقتىمۇ تەقدىم قىلىنغان بۇيۇمنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنى ھەمدە تەقدىم قىلىش — قوبۇل قىلىش ئۇسۇللىرى ۋە ۋاقتى ھەر قايسى دۆلەت ۋە مىللەتلەردە ناھايىتى چوڭ پەرقلىنىدۇ.

فرانسۇزلار ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بىر مىللەت بولۇپ، ئەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخى بار. قائىدە - يوسۇن جەھەتتىمۇ باشقا مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە.

فرانسىيەدە ئەڭ مودا سوۋغا — گۈل تەقدىم قىلىش.

گۈل قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى خېنىملار بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەرلەرگە سوۋغا تەقدىم قىلىشمۇ ئەجەپلىنەرلىك ئۇيۇلمايدىغان بولدى. ساھىپخان دوستلىرىدىن گۈلنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن دەرھال لوڭقىغا چىلاپ قويۇپ مېھمانلار بىلەن بىرلىكتە ھۇزۇرلىنىدۇ. ئەمما فرانسىيىلىكلەر گۈل تەقدىم قىلىشتا جۇخۇا گۈلىنى تەقدىم قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ گۈل ئۆلگۈچىگە ياكى ئۆلگۈچى قەبرىسىگە ئېلىپ كېلىنىپ تەزىيە بىلدۈرۈش

ۋاقتىدا تەقدىم قىلىندۇ.

فرانسىيىلىكلەر باردى - كەلدى قىلىشقان ۋاقىتلىرىدا، گۈل تەقدىم قىلىشتىن سىرت باشقا سوۋغىلارنىمۇ تەقدىم قىلىشىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار سوۋغا بۇيۇملىرىنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۇنىڭ قىممىتىنى بولسا چوڭ بىلمەيدۇ. دوستلار ياكى يېقىن تۇغقانلار ئادەتتە بەزى يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار ياكى ئالاھىدە مەناغا ئىگە سوۋغىلارنى تەقدىم قىلىشىدۇ، بۇ سوۋغا ئارقىلىق سوۋغا قوبۇل قىلغۇچىلاردا بۇ سوۋغا بۇيۇملىرى چىققان جاي ياكى سوۋغا تەقدىم قىلغۇچى توغرىسىدا چوڭقۇر تەسىر ياكى گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرىدۇ. مەسىلەن، يەرلىك داڭلىق ھاراق، ئەتىر ياكى باشقا خىل كىچىك بۇيۇملار، فرانسىيىلىكلەر يېقىن دوستلىرى ئۆزى ئىشلىتىپ، ئاندىن تەقدىم قىلغان مەدەنىيەت بۇيۇملىرى، مەسىلەن، قەلەم ۋە مەيلى باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ناھايىتى ئەتىۋارلايدۇ. ھۆكۈمەت سورۇنلىرى ياكى كۈندىلىك ئالاقىلەردە بولسۇن، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ياكى شىركەت خادىملىرى ئادەتتە كېلىشىمگە ئىمزا قويۇش ۋاقتىدا ئىشلەتكەن قەلەملەرنى بىر - بىرىگە سوۋغات قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. يېقىن ئۆتۈشكەن چەت ئەللىك دوستلىرى بىلەن خوشلىشىدىغان چاغدا ھەمىشە، ئەڭ كۆپ ئىشلەتكەن كىچىك بۇيۇملىرىنى خاتىرە ئۈچۈن سوۋغا قىلىدۇ.

فرانسىيىلىكلەر مېھمانلار تەقدىم قىلغان سوۋغىنى كۆپچىلىك ئالدىدا نامايان قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شىركەت دىرېكتورلىرى ياكى ھۆكۈمەت ۋە تەشكىلات مەسئۇللىرى قوبۇل قىلغان سوۋغاتنى ئادەتتە جامائەتچىلىك ئالدىدا نامايان قىلىدۇ ياكى ئۆي ئىچىدىكى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان جايغا قويۇپ قويىدۇ، ھەمدە بۇنىڭدىن پەخىرلىنىشىدۇ. ئەمما دوستلار بىر - بىرىگە تەقدىم قىلغان سوۋغاتنى جامائەتچىلىك ئالدىدا يايمايدۇ. سوۋغا تەقدىم قىلغۇچىنىڭ سوۋغىنى كۆرسىتىش ۋاقتىمۇ ئوبيېكتىپ ۋە سورۇننىڭ ئوخشاشماسلىقىغا يارىشا ھەر خىل بولىدۇ، ئەگەر تەشكىلات شىركەت ياكى ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا سوۋغا تەقدىم قىلىنىدىغان بولسا، مېھمان بارغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن سوۋغىسىنى تەقدىم قىلىدۇ. شۇندىن كېيىنلا ئامان - ئېسەنلىك سورىشىشقا بولىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر ئارىسىدا بولسا ئاۋۋال ئىچىملىك ئىچىشىپ، بىر ئاز ئامان - ئېسەنلىك سوراشقاندىن كېيىن، تاماق يېيىشتىن ئاۋۋال سوۋغا تەقدىم قىلىشىدۇ.

قۇددۇس ھاپىز (ت)

---

## مىللەتناملىرىنىڭ كېلىپ

## چىقىشى

---

لىزۇ مىللىتى — بۇ مىللەت ياشىغان جاي «لىمۇ تېغى»نىڭ ئاتىلىشىدىن كەلگەن.

زاڭزۇ مىللىتى — يەر نامى «ئۈسزاڭ»دىن كەلگەن.

جىنو مىللىتى — «جىنو تېغى»دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن.

شۈيزۇ مىللىتى — بۇ مىللەتنىڭ سۇغا يېقىن جايدا ئولتۇراقلاشقىنىدىن شۈيزۇ (سۇ مىللىتى دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتالغان.

دۇڭشياڭ مىللىتى — گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېجۇ رايونىدىكى دوڭشياڭ دېگەن جاينىڭ نامىدىن كەلگەن.

باۋئەن مىللىتى — گەنسۇ ئۆلكىسى لىڭشيا شەھىرى داخېجيا رايونىنىڭ باۋئەن سەنجۇاڭ دېگەن كەنت نامىدىن كەلگەن.

لوبا مىللىتى — شىزاڭنىڭ لويۇ دېگەن جاي نامىدىن كەلگەن.

بولاڭ مىللىتى — يۈننەن ئۆلكىسىدىكى بولاڭ تېغىنىڭ نامىدىن كەلگەن.

دۇلۇڭ مىللىتى — دۇلۇڭ دەرياسىنىڭ نامىدىن كەلگەن.

(گىڭ جۇنلى: ت)

# ئۇيغۇر پىچىقى

ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت

پىچاق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەر سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ بىرى، ئۇ ھەم ئەمەلىي ئىشلىتىلىش قىممىتىگە ھەم زوقلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولغان تۇرمۇش بۇيۇمى بولۇپ، ئۇيغۇر ئەرلىرى ئۇنى دائىم يانلىرىغا ئېسىۋالىدۇ. پىچاقنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى ناھايىتى گەۋدىلىك بولۇپ، قويۇق مەھەللىۋى تۈسكە ئىگە. ئۇيغۇر پىچىقى سىلىق كۆركەم، ئەپچىل سوقۇلغانلىقتىن دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەل ساياھەتچىلىرىنىڭ پىچاق بازارلىرىمىزدىن ئۇنى بەس - بەستە سېتىۋېلىۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ پىچاقچىلىق ھۈنەر سەنئىتى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنبەسىنى تاشقوراللار دەۋرىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە يونۇش، سىلىقلاش ئارقىلىق ياسالغان سىپتا تاش پىچاقلار ۋە باشقا تاش ئورغاق، تاش كەتمەن، تاش پالتا قاتارلىق يونۇش، كېسىش قوراللىرى سانىنىڭ كۆپ، ياسىلىشىنىڭ سىپتىلىقى بىلەن بۇ نۇقتىنى دەلىللەپ بېرەلەيدۇ.

ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ مۇھىم بىر باسقۇچى بولغان «تۆمۈر قوراللار دەۋرى»دە ئەجدادلىرىمىز تۆمۈر تاۋلاپ ھەر خىل تۆمۈر قوراللارنى ياسىغان - شىنجاڭنىڭ تۆمۈر تاۋلاش تارىخى ناھايىتى ئۇزاق. بۇ ھەقتە «خەتنامە غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە چارقىلىقنىڭ «تېغىدا تۆمۈر بار. ئۇلار ئۆزلىرى قورال ياسايدۇ. قوراللاردىن نەيزە، قىلىچ، شەمشەر، ساۋۇت بار»، پىشامشاندا «قورال ياسىيالايدۇ، چارقىلىقنىڭكى بىلەن ئوخشاش» «يەركەندە تۆمۈر چىقىدىغان تاغ بار»، كۈسەندە «مېتال تاۋلىيالايدۇ ئۇ يەردىن قوغۇشۇن چىقىدۇ» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن ئىلگىرىلا تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىپ، بۇ ئارقىلىق تاش پىچاقلاردىن ئىلغار بولغان مېتال پىچاقچىلىق ھۈنىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بەزى تارىخى چۆچەك، داستان ۋە رىۋايەتلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ پىچاقچىلىق تارىخىغا ئائىت بايانلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىسار خەلقى ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن: «بۇرۇنقى زاماندا يېڭىسارنىڭ چارۋاش دېگەن يېرىدە ئۆمۈر بويى پىچاق سوققان مۇھەممەت ئىسىملىك بىر ھۈنەرۋەن ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ



تۆمۈرنى خۇددى لاينى يۇنغاندەك يۇنۇپ پىچاق سوقىدىكەن. ئۇ سوققان پىچاقلار ئۆتكۈر ھەم كۆركەم ئىكەن، بۇ زامانلاردا پىچاققا لازىم بولىدىغان ماتېرىياللار ناھايىتى كەم بولغاچقا ئۇنىڭ پىچاقلىرى بەك قىممەت ئىكەن» دەيدىغان رىۋايەتلەر بار. دېمەك بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر پىچىقىنىڭ بىر تۈرى بولغان يېڭىسار پىچىقى ئۆزىنىڭ چىۋەر ئۇستىكارلىرى تەرىپىدىن قەدىمدىنلا تونۇلۇشقا باشلىغان.

ئۇيغۇر پىچاقچىلىرى تارىختىن بۇيان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا ئۆزلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھۈنەر - سەنئەت ماھارىتىنى داۋاملىق بېيىتىپ كەلمەكتە. ھازىر بىزدە پىچاقنىڭ تۈرى 15 — 16 خىلدىن ئاشىدۇ. بۇ پىچاقلارنىڭ دەستىسى خىلمۇ - خىل، رەڭگا - رەڭ بولۇپ، ئاساسلىقى بۈركۈت بېشى شەكىللىك، بۇلبۇل بېشى شەكىللىك، مېيىخۇا گۈلى شەكىللىك، ئات بېشى شەكىللىك قاتارلىقلار بار. پىچاقلارنىڭ دەستىسىگە كۈمۈش ياكى قىزىل مىستىن كۆز قويۇلىدۇ. ھەر خىل رەڭدىكى سۇلياۋدىن ئىشلەنگەن يالغان ياقۇت، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ سۆڭىكى، كالا مۈڭگۈزى قاتارلىقلاردىن گۈل چېكىلىدۇ. پىچاق دەستىسىگە سۆگەت يوپۇرمىقى، ھىلال ئاي، بۇغداي باشىقى، بادام، سۇ دولقۇنى قاتارلىق نۇسخىلار نەقىشلىنىدۇ، غىلاپ پىچاقنىڭ شەكلى ۋە سۈپىتىگە ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان ماتېرىياللاردىن ياسىلىدۇ ۋە تىكىلىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭغا خۇرۇم ۋە شاۋرۇن، مىس، كالا مۈڭگۈزى ۋە ياغاچلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە «ساغرا غىلاپ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل غىلاپ بار بولۇپ، ئۇ ئېشەكنىڭ ساغرا تېرىسىدىن تىكىلىدۇ. بۇنىڭ ھۈنەر سەنئىتى مۇرەككەپ، ئىشى ناھايىتى ئىنچىكە، كۆركەم، چىدامىلىق بولغاچقا باھاسى ئادەتتە باشقا غىلاپلاردىن قىممەت بولىدۇ.

## ئادەم مەڭگۈ تۈنۈگۈنكى كۈندە ياشاۋەرمەسلىكى كېرەك

ياپونىيىنىڭ دىجۇەن مۇفۇ زامانىسىدا، كۆۋەتەن چېڭجىز ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ بىر قېتىم ئەڭ يېڭى ئۇسۇلدىكى پىچاقتىن بىرنى سېتىۋاپتۇ - دە، كۆڭلىدە ناھايىتى مەمنۇن بولۇپ، ئۇنى بەنبېن لۇڭجۇۋ دېگەن كىشىگە كۆرسىتىپ ماختىنىپتۇ. لېكىن لۇڭجۇۋ ئۇنىڭغا: «سىز نېمىشقا بۇ پىچاقنى ئالدىڭىز؟» دەپتۇ - دە، يېنىدىن ئۆزىنىڭ پىچىقىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا كۆرسىتىپتۇ، ھەم «سىزنىڭ بۇنداق پىچىقىڭىزنىڭ دەۋرى ئۆتۈپ كەتكەن» دەپتۇ.

چېڭجىز ئۇنىڭ گېپىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپتۇ - دە، لۇڭجۇۋنىڭ پىچىقىغا ئوخشايدىغان پىچاقتىن بىرنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى لۇڭجۇۋغا كۆرسىتىپتۇ. لېكىن لۇڭجۇۋ: «ئۆتكەن قېتىم مەن سىزگە كۆرسەتكەن پىچاق ھازىر ئەسقاتماس بولۇپ قالدى» دەپتۇ - دە، يېنىدىن تاپانچىسىنى چىقىرىپ كۆرسىتىپتۇ.

ئۈچىنچى قېتىم يۈز كۆرۈشكەندە، لۇڭجۇۋ چېڭجىزغا مۇنداق دەپتۇ: «بۈگۈنكى جەمئىيەتتە، قورال ماھارىتىنىلا بىلىش كۇپايە قىلمايدۇ، سىز تارىخىي كىتابلارنى كۆپرەك ئوقۇڭ.»

تۆتىنچى قېتىم كۆرۈشكەندە، لۇڭجۇۋ دەپتۇكى: «خەلقئارا ئومۇمىي قانۇن تولىمۇ ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىكەن، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى قوللىنىۋاتىدۇ. مەنمۇ ئەشۇ قانۇننى تەتقىق قىلىۋاتىمەن.»

دېمەك ئادەتتىكى كىشىلەردە ھازىرقى ھالەتكە شۈكرى قىلىدىغان ئادەت بار. لېكىن، دەۋر ئېقىمى ئىزچىل تۈردە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، سىزنىڭ مەڭگۈ تۈنۈگۈنكى كۈندە ياشىشىڭىزغا باقمايدۇ. ھەر بىر كىشى كۈندىن - كۈنگە بىلىمنى يېڭىلىشى، يېڭى شەيئىلەرنى ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشى لازىم.

# چىرىينىڭ قىرمىچىلىق سەنئىتى

مەتتۇرسۇن ھەسەن

چىرىيىنىڭ قىرمىچىلىق سەنئىتى چىرىيە خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ يۈكسەك نامايەندىسى بولۇپ، ئەخمەنەن مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە.

چىرىيىنىڭ قىرمىچىلىقى ئاساسەن قوشۇق، ئاياق، چۈمۈچ، كاساڭ، ئەڭلە، چاقى، يىڭ، سۈزگۈچ، دۈشە، سوغا، مۇشت، ھاۋانچا قاتارلىقلار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە نەپىس، كۆركەم ئىشلەش جەھەتتە خېلى بۇرۇنلا شۆھرەت قازانغىنى قوشۇقچىلىق سەنئىتى. چىرىيە خەلقى ئىچىدە بۇ خىل ھۈنەر - سەنئەتنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا كەسىپ قىلىپ قالدۇرغانلار خېلى كۆپ بولۇپ، تۇرغۇن كىشىلەر بۇ خىل ھۈنەر سەنئەتنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئۇستىلىرىدىن بولۇپ قالغان.

چىرىيىنىڭ قىرمىچىلىق سەنئىتى كۆپ خىللىققا ئىگە بولۇپ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس تېخنىكا تەلىپى، كېرەكلىك ياغاچ ماتېرىياللىرى، ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكى بار. كاساڭ، ئاياق، ئەڭلە قاتارلىقلارنى خاس ھاڭگىتېرەك ياغىچىدىن ياسىلىدىغان بولۇپ، بۇ خىل تېرەكنىڭ غولى توم ھەم قاتتىق بولغاچقا، بۇنداق تېرەك ياغىچىدىن ياسالغان كاساڭ، ئاياق، ئەڭلىنىڭ چىداش مۇددىتى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، 200 - 300 يىل ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. سوغا، دۈشە، چۈمۈچ قاتارلىقلار ئادەتتىكى تېرەك ياكى سۆگەت ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. باشقا يەنە تۇجمە، ياڭاق، توغراق، ئۈرۈك ياغىچىدىنمۇ بۇ خىل نەرسىلەرنى ياساشقا بولىدۇ. ھاۋانچا مەخسۇس ئۈرۈك ياغىچىدىن ياسىلىدىغان بولۇپ، ئۇ ئاساسەن ھەر خىل دورا - دەرمەكلەرنى يۇمشىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ. مۇشت مەخسۇس چىلان ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. ئاياق تاش-تاماق ئېلىشقا، چۈمۈچ تاش - تاماق ئۇسۇشقا، كاساڭ خېمىر يۇغۇرۇشقا، ئەڭلە كىر يۇيۇشقا، مۇشت كىگىزچى ئۇستىلارنىڭ يۇڭ، پاختا ئىتىشتا زەيگە ئۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. يىكنى مەخسۇس يۇلغۇن شېخىدىن ياسايدۇ. يىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ ئىنسانلار پاختىدىن يىپ چىقىرىپ ئاددىي ماتا توقۇشنى باشلاش بىلەنلا چاقى بىلەن يىكنى ياساپ چىققان. بۇمۇ چىرىيىنىڭ ياغاچ قىرمىچىلىق سەنئىتىدە خېلى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

بىزنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك، ئەمگەكچان خەلقىمىز ھازىرقى زامان قول سانائىتى بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، تۇرمۇشتىكى بۇ خىل نەرسىلەرنى ئەڭ نازۇك، ئەڭ نەپىس، كۆركەم قىلىپ ياساپ چىققان. ئۆزىنىڭ مول مەدەنىيىتى بىلەن ئىپتىخارلانغان، بولۇپمۇ مەدھىيىلىنىشكە ۋە تىلغا ئېلىشقا ھەقلىقلىقى چىرىينىڭ قوشۇقچىلىق سەنئىتى.

چىرىيىنىڭ قوشۇقچىلىق سەنئىتى شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىلا ئەمەس مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىمۇ داڭلىقتۇر. ھەتتا ئەينى ۋاقىتتا ۋە ھازىر چىرىيىدىن ھىندىستان، پاكىستان، سەئۇدى ئەرەبىستان، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە تۇغقان يوقلاشقا، دىنىي تەلىم ئېلىشقا، ھەج تاۋاپ قىلىشقا بارغان كىشىلەرمۇ چىرىيە قوشۇقىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىلىرىگە سوۋغات قىلغان. چىرىيە قوشۇقى ھازىرمۇ تۇرغۇن جايلاردا قىممەتلىك سوۋغات سۈپىتىدە قولدىن - قولغا ئۆتۈپ يۈرمەكتە.

چىرىيە قوشۇقىنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىقلىرى چىلان ياغىچىدىن ياسالغانلىرى بولۇپ، ئۇ، ھەم كۆركەم ھەم چىرايلىق، چىدامىلىق. ئۇنىڭدىن باشقا ئۈرۈك، ئۈجمە ياغىچىدىنمۇ قوشۇق ياساشقا بولىدۇ. چىرىيە قوشۇقىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ كاسىسى نېپىز، تاماق يېيىشتە قولايلىق.

قوشۇقنىڭ سېپى ئالدىغا سەل ئېگىلگەن. سېپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 13 ـ 14 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ياساش ئۇسۇلىمۇ ناھايىتى ئاددىي. قوشۇق ياساشقا بولىدىغان ياغاچنى 20 سانتىمېتىر قېلىپ كېسىپ، توم بولسا ئوتتۇرىدىن يېرىپ، ياغاچنىڭ يۈزىنى سىلىقلايدۇ. ئاندىن يۈزى تەرىپىدىن ئىچىنى ئويىدۇ. ئاخىرىدا ئۇنىڭغا نەقىش گۈللەر چېكىلىدۇ. چىرىيە قىرمىچىلىقىدا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار ناھايىتى ئاددىي. بىر قېيدام كەكە، كاشكات دەپ ئاتىلىدىغان ئاي شەكىللىك بىر پىچاق، ياغاچ توغراشقا قول ھەرىسى كېتىدۇ. چىرىيىنىڭ قىرمىچىلىق سەنئىتىدە بۇ خىل كەسىپنى ھۈنەرۋەنلەر ئون مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ناھايىتى كۆركەم قېلىپ بىر قوشۇق ياساپ چىقىدۇ.

ھازىر يىپنىڭ سانائەت زور تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشتا ئەڭ كۆپ ئىشلىنىدىغان ياغاچ قىرمىچىلىق سەنئىتىنىڭ نامايەندىسى بولغان ئاشۇ نەرسىلەر يەنىلا ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بازار سودىسىنىڭ جانلىنىشى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ھەر قانداق كىشى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق كۆرسىتىشكە كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىلغان بۈگۈنكى كۈندە چىرىيىنىڭ ياغاچ قىرمىچىلىق سەنئىتى تېخىمۇ گۈللەپ ـ ياشنىماقتا ھەمدە يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەت ياراتماقتا. چىرىيە قىرمىچىلىقىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش زور ئىستىقبالغا ئىگە.

## مىسىردا ساۋاتسىزلارنى تۈگىتىش ۋەزىپىسىنى مەسچىت ئورۇندايدۇ

دۆلەت ئىچىدە ساۋاتسىزلارنى تامامەن تۈگىتىش ئۈچۈن، مىسىردىكى مەسچىتلەر بۇيرۇققا بىنائەن، ساۋاتسىزلارنى تۈگىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. مىسىر دىنىي ئاپپاراتى بىلەن مىسىر مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ كېلىشىمى بويىچە، ھەر قايسى ئۆلكىلەر ساۋاتسىزلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن مەخسۇس ئوندىن مەسچىت ئاجراتقان. بەلگىلىمە بويىچە ئاياللار ئەتىگىنى ئوقۇيدۇ، ئەرلەر كەچتە ئوقۇيدۇ، ھەر بىر قارار توققۇز ئاي بولىدۇ.

ساۋاتسىزلار مەسىلىسى مىسىرنىڭ ئۇزۇندىن بېرى ھەل قىلالماي كېلىۋاتقان قىيىن مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. بىر مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىشىچە، مىسىردا قورامىغا يەتكەنلەرنىڭ يېرىمى پۈتۈنلەي خەت تونۇمايدىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا تەخمىنەن 20 پىرسەنت ئادەم ئاددىي ئوقۇش ۋە يېزىشنىلا بىلىدىكەن.

(سەي فۇسىڭ: ت)

## كالېنداردىكى قانۇنىيەت

28 يىل ئىلگىرىدىكى بىر كالېندارنى قايتىدىن ئىشلەتكىلى بولىدۇ. چۈنكى ھەر 28 يىل ئارىلىقىدا، كالېنداردىكى ئاي، كۈن ۋە ھەپتە ئۇسىمۇ ـ ئۈستە چۈشۈپ قالىدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش، بۇ يىلقى كالېندارنى 28 يىلدىن كېيىن قايتىدىن ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. پەرق قىلىدىغىنى، پەقەت يىل ئوخشىمايدۇ خالاس.

كەبىسە يىل بولمىسىلا، 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ھەپتىنىڭ نەچچىنچى كۈنى بولسا، 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىمۇ ھەپتىنىڭ شۇ كۈنى بولىدۇ. 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بىلەن 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ۋە 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بىلەن 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

كەبىسە يىلنى ھېسابقا ئالمىسا، بىر يىلنىڭ بىرىنچى كۈنى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى كۈنى ھەپتىنىڭ ئوخشاش كۈنى بولىدۇ.

(گېڭ جۇنلى: ت)

# «مىللەت پسىخولوگىيىسى» ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

تىلىۋالدى ئەيسا

«مىللەت پسىخولوگىيىسى» — پسىخولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى، «مىللەت پسىخولوگىيىسى»نىڭ ئىجادچىسى گېرمانىيىلىك پسىخولوگ ۋۇنت قاتارلىقلار، «مىللەت پسىخولوگىيىسى» مىللەتنىڭ پسىخىك پائالىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى يەنى مىللەتتە ئورتاق بار بولغان مەدەنىيەت، غۇرۇر، ھېسسىيات، ئىدىيە، ھەۋەس، ئۆرپ - ئادەت، خاراكتېر، باشقا مىللەت ۋە قەبىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيە قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ. مىللەتتىكى بۇ خىل پسىخىك ئالاھىدىلىكلەرنى ئاساسلىقى مىللەت تەرەققىياتىنىڭ ئورتاق تارىخى شارائىتى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. «مىللەت پسىخولوگىيىسى» مىللەت (بولۇپمۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلار توپى)نىڭ ئورتاق مەدەنىيىتى، مەسىلەن، تىلى، خەلق قوشاقلىرى، رەسىم، دىن ئەپسانە ۋە ئۇسلۇب (خىسلەت) قاتارلىق ئامىللار جەريانىدا ئىپادىلەنگەن مىللەتنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، مىللەتنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىنىڭ مەلۇم تارىخى ھەم مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەريانىدىكى رولى قاتارلىقلارنى شەرھلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «مىللەت پسىخولوگىيىسى»نى تەتقىق قىلىش مۇھىم نەزەرىيىۋى ئەھمىيەتكە ۋە ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە.

مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئۆزىدە ئەزەلدىن بار بولغان پسىخىكىسى (شۇ مىللەتنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن چاغدىلا ئۆزىگە خاس بولغان پسىخىكىسى) ۋە ئەخلاق - پەزىلىتىنى، پەقەت شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئومۇمىي سىستېمىسى ھەم بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئىگە بولغان تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمىگە ئاساسلانغاندا چۈشەنگىلى بولىدۇ. مەيلى قايسى بىر مىللەت بولمىسۇن، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ پسىخىكىسى ۋە ئەخلاقىي پەزىلىتى ئەنە شۇنداق قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا تەھلىل قىلىنىدۇ. شۇڭا، «مىللەت پسىخولوگىيىسى»دىن ئىبارەت بۇ پسىخولوگىيىنىڭ نازۇك بىر تارمىقىنى تەتقىق قىلىش، تەھلىل قىلىش ۋە باشقىلارنى نىسبەتەن رازى قىلغۇدەك دەرىجىدە بىر مىللەتنىڭ ئورتاق پسىخىكىسىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ھازىرقى زامان غەرب ئەللىرىنىڭ مىللەت پسىخولوگىيىسىدىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى بولغان مىللەتنىڭ خاراكتېرىنى تەتقىق قىلىش ئىلمى — ئەڭ ئەنئەنىۋى بولغان ئىرقىيشۇناسلىق نۇقتىسىنەزەرى، پسىخولوگىيە نۇقتىسىنەزەرى ۋە تارىخىي مەدەنىيەت نۇقتىسىنەزەرىدىن ئىبارەت ئۈچ مەزمۇنغا بۆلۈنگەن. ئەمما، تەتقىقات جەريانىدا بۇلار يەنە مەلۇم دەرىجىدە بىرلىشىپ كەتكەن.

ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى، مەلۇم بىر مەزگىلدە جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولغان رەسمىيەتلەرنى، كۈندىلىك تۇرمۇشىنى، ئائىلىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى، توقۇنۇشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىش جەھەتلەردە مول ماتېرىيال توپلاندى. يېقىنقى بىر نەچچە يىللاردىن بۇيان مىللەتشۇناسلارمۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجادىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى، كەڭ كۆلەمدە تارقالغان نەسەبنامە، رەسىم، خەلق ئىجادىيەتلىرى ۋە خەلق قىسسىلىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ كەلمەكتە. بۇنداق قىلىش ئاخىرقى ھېسابتا ھەرخىل مىللەتنىڭ سەنئىتىنى تەتقىق قىلىش ھەم چۈشەندۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە،

شۇنداقلا رەسىم، مۇزىكا، بىناكارلىق ۋە ئەدەبىيات قاتارلىقلاردا تەكشۈرۈلۈپ چىقىلغان ئورتاق ئالاھىدىلىكمۇ ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە.

مىللەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تونۇشى — كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى مەلۇم بىر مىللەت كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئېڭى، شۇنداقلا ئۆزى مەنسۇپ بولغان مىللەتنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى قارىشى بولۇپ، ئۇ، مىللەتنىڭ باشقا مىللەتلەر سىستېمىسىدا تۇتقان ئورنى توغرىسىدىكى ئاڭنى، ئۆز مىللىتى بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىنى، مىللەتنىڭ مەنپەئەتى توغرىسىدىكى ئاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق ئاڭ ھەم چۈشىنىش، كونكرېتنى قىلىپ ئېيتقاندا بەلگىلىك ھېسسىيات، ئىدىيە، ئىنتىلىش قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا مىللەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تونۇش ئېڭىغا مۇناسىۋەتلىك بولغانلاردىن يەنە كەيپىيات، كۆڭۈل، ياخشى تەسىر ۋە يامان تەسىر قاتارلىقلارمۇ بار بولۇپ، بۇلار ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى تارىخىي شەرتلەرگە ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ئورتاق گەۋدىسى بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گەۋدىسىنى سېلىشتۇرۇشقا ئىگە.

مىللىي ھېسسىيات — تارىخىي ھادىسىدۇر. ئۇ، پوزىتسىيە ۋە كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي ئورنى بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كەيپىياتنىڭ باغلىنىش ئىنكاسى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن. ئۇلار پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ھېسسىياتىدىكى مۇھەببەت، نەپرەت، غۇرۇر قاتارلىقلاردا ئىپادىلەنسىمۇ، لېكىن ئۇ مىللەتنىڭ (مەيلى قايسى بىر مىللەت بولمىسۇن) ئوبيېكتىپ تۇرمۇش شارائىتى جەريانىدا شەكىللەنگەن ھەم پەيدىنپەي كۈچەيگەن بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ قەيت قىلغاچ ئۆتۈش زۆرۈركى، بىر پەن سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان، پەيدىنپەي چوڭقۇرلىشىپ تەرەققىي قىلىۋاتقان «مىللەت پسىخولوگىيىسى»نىڭ مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولغان «غۇرۇر»نى تەكىتلەش، تىلغا ئېلىش — ھەرگىز «مىللەتچى»لىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. خۇددى ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ بىلىمى، تەجرىبىسى ۋە كىشىلىك دۇنيا قارىشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن غۇرۇرى بولغىنىدەك، مىللەتنىڭمۇ ئۆزىگە خاس غۇرۇرى بولىدۇ. بۇ غۇرۇرنىڭ شەكىللىنىشى قانداقتۇر باشقىلارنى دورىشتىن، باشقىلارنىڭ نەسىھەت قىلىشىدىن بارلىققا كېلىدىغان نەرسە ئەمەس، مەيلى قايسى بىر مىللەت بولمىسۇن ئۇلاردا ئورتاق مىللىي غۇرۇر بولىدۇ. بۇنى «مىللەت پسىخولوگىيىسى»دىن ئىبارەت بۇ پەن ئېتىراپ قىلىدۇ.

ئوچۇق - يورۇق بولغان مىللىي غورۇر تۇيغۇسى بىلەن ئىنتېرناتسىونالىزملىق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. لېنىن مىللىي غۇرۇر تۇيغۇسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرگەندە، بۇنداق تۇيغۇدا مىللەتنىڭ ئېڭىنىڭ چەتكە قېقىلمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ: «بىز مىللىي غۇرۇر تۇيغۇسىغا تولۇپ - تاشقۇق، چۈنكى، بۈيۈك رۇس مىللىتىدىمۇ ئىنقىلابىي سىنىپ بارلىققا كەلدى. شۇنداقلا بۇ ئىنسانىيەتكە ئەركىنلىك ھەم سوتسىيالىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ ئۇلۇغ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بېرەلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى...» دەپ كۆرسەتكەن.

قىسقىسى، «مىللەت پسىخولوگىيىسى» ئۈستىدە ئىزلىنىش، ئۆگىنىش ۋە ئۇنى نۆۋەتتىكى رېئاللىققا تەتبىقلاش — بىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزدە يەنىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزدە نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە.



# ئېلېكترونلۇق مېڭە ۋە «قۇرئان كەرىم»

«قۇرئان كەرىم» دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان 1400 نەچچە يىلدىن بۇيان، دۇنيادا نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ئوخشىمىغان نۇقتىدىن، ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەزمۇنى ۋە ھەقىقىي ماھىيىتى ئۈستىدە ئىزلىنىپ كەلدى. ئېلېكترونلۇق پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، قىسمەن تەتقىقاتچىلار «قۇرئان كەرىم»نى ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ سىفىرىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتى. تەتقىق قىلىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئېلېكترونلۇق مېڭىگە كىرگۈزۈلدى. نەتىجىدە بۇنىڭ ئارقىلىق كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك مۆجىزىلەرنى بايقىدى ۋە شۇ ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم»دەك مۇقەددەس كىتابنى يېزىپ چىقىش ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. تۆۋەندە بىز پەقەت ئېلېكترونلۇق مېڭە بىلەن تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بايقىغان قىسمەن ئاجايىپ ھەم قىزىقارلىق سان - سىفىرلارنى مىسال قىلىپ، كىتابخانلارغا سۇنىدۇق.

1. «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىرىنچى جۈملىسى:

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن».

بۇ سۆز **تۆۋەندىكى** 19 ئەرەبچە **ھەرپتىن** تەركىب تاپقان:

اللام — **الالف** —
اليم — السين — **الباء**
المه — الرعـ — الرام — الالن — **لهاء** —
الالف — الماء — الراء — اللام — **الالف** —
النون — اليم — اليم — الياء

2. پۈتۈن «قۇرئان كەرىم» جەمئىي **114 سۈرە**. 114 بولسا 19 نىڭ 6 **ھەسسىگە تەڭ** (114 ÷ 19 = 6). (19 × 6 = 114).

3. «قۇرئان كەرىم»نىڭ **ئەڭ ئاۋۋال نازىل** بولغان سۈرىسى «سۈرە ئەلەق» يەنى 96 **- سۈرە**. «قۇرئان كەرىم»نىڭ سۈرە تەرتىپى **بويىچە** ھېسابلىغاندا، بۇ ئاخىرىدىن سانىغاندا 19 **- سۈرە** ھېسابلىنىدۇ.

4. «سۈرە ئەلەق» يەنى 96 - سۈرە جەمئىي 285 ھەرپتىن تەركىب تاپقان. 285 بولسا 19 نىڭ 15 ھەسسىسى بولىدۇ. $(285 \div 15 = 19)$، $(19 \times 15 = 285)$.

5. بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىكى بەش ئايەت يەنى: «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى».

بۇ بەش ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىرا غارىدا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان چاغدا، جىبرائىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق نازىل بولغان دەسلەپكى ۋەھيى ئىدى. ئەرەب تىلىدا، بۇ بەش ئايەت 19 سۆزدىن تەركىب تاپقان.

6. ئەرەب تىلىدىكى بۇ 19 سۆز «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئوسمانى نۇسخىسىغا ئاساسلانغاندا ئۇ 76 ئەرەبچە ھەرپتىن تەركىب تاپقان. 76 بولسا 19 نىڭ تۆت ھەسسىسى بولىدۇ. $(76 \div 4 = 19)$، $(19 \times 4 = 76)$.

7. 96 - سۈرە بولسا جەمئىي 19 ئايەتتىن تەركىب تاپقان.

8. «قۇرئان كەرىم»دە الله (ئەللا) دېگەن سۆز 2698 قېتىم تەكرارلىنىدۇ. 2698 بولسا 19 نىڭ 142 ھەسسىگە تەڭ $(2698 \div 142 = 19)$، $(142 \times 19 = 2698)$.

9. «قۇرئان كەرىم»دە جەمئىي 114 سۈرە بولۇپ، ھەربىر سۈرىنىڭ بېشىدا «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دېگەن جۈملە بار. پىراق 9 - سۈرە (سۈرە ئەلتەۋبە) بېشىدا بۇ سۆز يېزىلمىغان، ئۇنداقتا بۇ جۈملە پۈتۈن سۈرە بېشىدا 113 قېتىم تەكرارلانغان بولىدۇ. ئۇنداقتا بۇسان 19 نىڭ ھەسسىگە توغرا كەلمەيدۇ. پىراق 27 - سۈرە (سۈرە النمل) نىڭ 30 - ئايىتى ئىچىگە بۇبىر جۈملە سۆز قىستۇرۇلغان. ئۇنداقتا بۇنى ئەسلىدىكى 113 كە قوشقاندا يەنە 114 بولىدۇ. 114 بولسا 19 نىڭ 6 ھەسسىسى بولىدۇ. يەنى $(114 \div 19 = 6)$ $(19 \times 6 = 114)$.

10. يۇقىرىدا ئېيتىلغان 27 - سۈرە 30 - ئايىتىدىكى (بىسمىللاھىر راھمانىر رەھىم»دىن سۈرە بېشىدىكى «بىسمىللاھىر راھمانىر رەھىم»گىچە جەمئىي 342 سۆزلۈك بار. 342 بولسا 19 نىڭ 18 ھەسسىسى بولىدۇ. يەنى $(342 \div 19 = 18)$، $(19 \times 18 = 342)$.

11. «قۇرئان كەرىم»دە تۈرلۈك سان - سىفىرلار تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇر تېغىغا كېلىپ ئاللا بىلەن سۆزلەشكەن «40 كۈن»، «12 بۇلاق» «يەتتە قات ئاسمان»، «1000 يىل» «1000 ئاي» قاتارلىقلار. پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»دە جەمئىي 285 سان - سىفىر تىلغا ئېلىنغان. 285 بولسا 19 نىڭ 15 ھەسسىسى بولىدۇ. يەنى $(285 \div 19 = 15)$، $(19 \times 15 = 285)$

12. «قۇرئان كەرىم»دە تىلغا ئېلىنغان سانلارنى بىر - بىرلەپ قوشۇپ كەلسە جەمئىي 174 مىڭ 591 بولىدۇ. بۇ سان 19 نىڭ 9189 ھەسسىسى بولىدۇ. يەنى $(174591 \div 19 = 9189)$.

13. «قۇرئان كەرىم»دە تىلغا ئېلىنغان 285 سانىنىڭ بەزىلىرى بىر قېتىم، ئىككى قېتىم، ئۈچ قېتىم تەكرارلانغان. ئەگەر تەكرارلانغان قىسمىنى ئېلىۋېتىپ قوشقاندا 162 مىڭ 146 بولىدۇ، بۇ يەنىلا 19 نىڭ ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. يەنى $(162146 \div 19 = 8534)$.

14. «قۇرئان كەرىم»نىڭ 114 سۈرىسى ئىچىدە 2 -، 3 -، 7 -، 10 -، 11 -، 12 -، 14 -، 15 -، 19 -، 20 -، 26 -، 27 -، 28 -، 29 -، 30 -، 31 -، 32 -، 36 -، 38 -، 40 -، 41 -، 42 -، 43 -، 44 -، 45 -، 46 -، 50 -، 55 -، 68 - سۈرىدىن ئىبارەت 29 سۈرىنىڭ 1 - ياكى 2 - ئايەتلىرى يالغۇز ھەرپ بىلەن باشلانغان. مەسىلەن: حد الم، حم، ن. قاتارلىقلار. بۇ ھەرپلەرنىڭ شۇ سۈرىلەردە تەكرار چىقىش سانىمۇ 19 نىڭ ھەسسىگە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ توغرىلىقىغا قىل سىغمايدۇ. ھەر قانداق ئادەم

دەلىللەپ كۆرسە بولۇۋېرىدۇ. مەسىلەن:

50 - سۈرە (سۈرە قاپ)نىڭ ئايىتى «ق» بىلەن باشلانغان. بۇ ھەرپ شۇ سۈرە ئىچىدە جەمئىي 57 قېتىم تەكرارلانغان 3 = 19 ÷ 57.

42 - سۈرىنىڭ 2 - ئايىتىمۇ «ق» بىلەن باشلانغان بولۇپ، بۇھەرپمۇ بۇ سۈرىدە جەمئىي 57 قېتىم تەكرارلىنىدۇ. 3 = 19 ÷ 57 .

68 - سۈرە (سۈرە قەلەم)نىڭ 1 - ئايىتى (ن) بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ ھەرپ بۇ سۈرىدە 133 قېتىم تەكرارلىنىدۇ.

7= 19 ÷ 133.

7 - سۈرە (سۈرەلائىراف)، 19 سۈرە (سۈرە مەريەم)، 38 - سۈرە (سۈرە سد)لارنىڭ 1 - ئايەتلىرى (حد) ھەرپى بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ ھەرپ بۇ سۈرىلەردە 152 قېتىمدىن تەكرارلىنىدۇ.

8 = 19÷ 152.

قىسقىسى بارلىق يالغۇز ھەرپ بىلەن باشلانغان سۈرىلەرنىڭ ھەممىسى يۇقىرىقى ئەھۋالغا ئوخشىشىدۇ. 19 دىن ئىبارەت بۇ سانىنىڭ «قۇرئان كەرىم» بىلەن بۇنداق زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىگە ھېچ كىم جاۋاب بېرەلىگىنى يوق.

(ئەكبەر ئېلى نەشرگە تەييارلىغان)

---

(بېشى 35 - بەتتە)

بەزىلىرى باستۇرۇپ قويۇلدى. بىراق ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا مەغرۇرلىنىپ كەتمىدى، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا توختاپ قالمىدى. ئىزچىل ھالدا ئەكشۈرۈپ ئەتقىق قىلىپ، تەكلىپ بېرىش تەجرىبىسىنى يەنىمۇ يەكۈنلىدى.

ئورۇنلۇق تەكلىپنى قانداق ئوتتۇرىغا قويۇش، شۇنداقلا توغرا، پايدىلىق بولغان بىر تەكلىپنى قانداق قوبۇل قىلدۇرۇش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدا دۆلەت قانداق مېخانىزمنى قوللىنىپ بۇ توغرا، پايدىلىق بولغان تەكلىپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ماخوگىي ئۇزاقتىن بۇيان ئويلاپ كېلىۋاتقان مەسىلە ئىدى.

بىر نەچچە يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىگە ئاساسەن، ئىبخىمۇ ئىلغار ئوي - پىكىر، ئەسەۋۋۇر پەيدىنپەي شەكىللەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ماخوگىي يەنە تەكلىپشۇناسلىق ھەققىدىكى تەتقىقاتنى - قانات يايدۇرۇش، تەكلىپ بېرىش، تەكلىپ ئاڭلاش، تەكلىپ قوبۇل قىلىش ۋە تەكلىپنى يولغا قويۇشنىڭ شەكلى، ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئىبخىمۇ كۆپ ئادەمنىڭ بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇراجىئەت چىقاردى. ماخوگىي - نېمە دېگەن قالتىس تەكلىپ بەرگۈچى - ھە!

(سەي فۇسىڭ: ت)

---

# دۇنيادىكى پايتەختلەر ئىچىدە ئەڭ...

* نورنى ئەڭ غەربتىكى پايتەخت. ئوكيانىيە قىتئەسىدىكى تونگا پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى — نۇكۇئالوفا غەربىي مېرىدىئان 175 گرادۇسقا جايلاشقان بولۇپ، دۇنيادا نورنى ئەڭ غەربتىكى پايتەختتۇر.

* ئەڭ جەنۇبتىكى پايتەخت. ئوكيانىيە قىتئەسىدىكى يېڭى زېلاندىيىنىڭ پايتەختى — ۋېللىنگتون جەنۇبىي كەڭلىك 41 گرادۇس 17 مىنۇتقا جايلاشقان بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ جەنۇبتىكى پايتەختتۇر.

* ئەڭ شىمالدىكى پايتەخت. ياۋروپا قىتئەسىدىكى ئىسلاندىيىنىڭ پايتەختى — رېيكياۋىك شىمالىي كەڭلىك 46 گرادۇس ئالتە مىنۇتقا جايلاشقان بولۇپ، شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىگە يېقىن. شۇڭا، بۇ شەھەر يەر شارىدا ئەڭ شىمالدىكى پايتەختتۇر.

* يەر تۈزلۈكى ئەڭ پەس پايتەخت. گوللاندىيە پايتەختى ئامستېردامنىڭ نورنى دېڭىز يۈزىدىن بىر مېتىردىن يەش مېتىرغىچە پەس بولۇپ، دۇنيا بويىچە يەر تۈزلۈكى ئەڭ پەس پايتەختتۇر.

* ئەڭ ئېگىز پايتەخت. جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى بولىۋىيىنىڭ پايتەختى — لاپاس دېڭىز يۈزىدىن 3650 مېتىر ئېگىز بولۇپ، دۇنيا بويىچە يەر تۈزلۈكى ئەڭ ئېگىز پايتەختتۇر.

## ھەر قايسى ئەللەر

## ئاياللىرىنىڭ

## «ئالاھىدىلىكى»

ياپون ئاياللىرى «مۇلايىم» كېلىدۇ. سىز ئۇنىڭغا گەپ قىلسىڭىز، ئۇ ھامان سىزگە كۈلۈمسىرەپ ياكى ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، ئەدەبلىك مۇئامىلە قىلىدۇ.

ئىنگلىز ئاياللىرى «تەمكىن» كېلىدۇ. ئىنگلىز ئاياللىرى سالاپەتلىك زاتلارغا ئوخشاش ئۆزىنى سالاپەتلىك تۇتۇپ، كىشىگە سورلۇك تۇيغۇ بېرىدۇ، بەزىدە ھەتتا كىشىگە زىيادە سالماق بولۇۋالغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

روس ئاياللىرى «بەستلىك» كېلىدۇ. ئۇلار ئېگىز بويلۇق ۋە ئۇستىخانلىق بولۇپ، تورلۇك جاپالىق خىزمەتلەرگە ۋە ئېغىر ئائىلە ئىشلىرىغا چىداۋېرىدۇ.

فىرانسوز ئاياللىرى ئۆزىنى «مەدەنىي» تۇتىدۇ. ئۇلار ھەمىشە شائىر، يازغۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ «سالون» ئۇتكۈزىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى ناھايىتى نازاكەتلىك تۇتىدۇ، گەپنى ناھايىتى ئېپىدە قىلىدۇ. كىيىمنىمۇ ناھايىتى ئېسكەتلىك كىيىدۇ، باھارلىق مودا كىيىملىرىنىڭ رەڭگى قارا، كۆك، سېرىق رەڭلەر بىلەنلا كۆپايىلىنىدۇ، ئۇيا-ئەڭلىكنىمۇ بەك قويۇق سۈركىمەيدۇ.

شىۋېتسار ئاياللىرى «ساغلام» كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆك كۆز، سېرىق چاچ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن سۈت ۋە كوكا ئىچىپ-ئېچىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوزۇقلىنىشى ياخشى، سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ساغلام كۆرۈنىدۇ.

ئامېرىكا ئاياللىرى «شوخ» كېلىدۇ. ئۇلار ئۆزىمۇ شوخ، كىيىنىشىمۇ شوخ، ئۇلارنىڭ كىيىمىنىڭ رەڭگىگە دىققەت قىلسىڭىز، ئۈچ خىل رەڭدىن ئېشىپ كەتمەيدىغانلىرى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

نېمىس ئاياللىرى «ئاددىي-ساددا» كېلىدۇ، ئۇلار بەك پەرداز قىلىپ كەتمەيدۇ. بۇ، ئاتىسىتلار ھۆكۈمرانلىقىدا ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بىر خىل كەيپىيات.

فىلىپپىن ئاياللىرى «ئىناقەتچان» كېلىدۇ. ئۇلار خاراكتېر جەھەتتىن ئوچۇقلۇق، جاپاغا چىدامىلىق، شىئېگىدا بالا باققۇچى بولغان ياكى ياقا يۇرتقا ئەرگە تېگىپ چىقىپ كەتكەن فىلىپپىنلىق ئاياللار ئومۇمەن مۇھىتقا ئاسانلا ماسلىشىپ كېتىدۇ.

## ئاق مۇچ ۋە ئۇخۇم بىلەن

## بۆرەك كېسىلىنى

## داۋالاش

بۇ خىل رېتسېپ جىددىي ۋە ئاستا خاراكتېرلىك بۆرەك كېسەللىگە گىرىپتار بولغان ۋە كېسەل تارىخى ئۇزۇن بولمىغان كىسەللەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئاق مۇچتىن يەتتە تال، يېڭى ئوخۇمدىن بىر دانە تەييارلىنىدۇ. ئاۋۋال ئوخۇمدىن بىر كىچىك تۆشۈك ئېچىلىپ، ئاق مۇچ ئىچىگە سېلىنىپ ئاندىن ئاق ئۇن بىلەن تۆشۈك چاپلىنىدۇ، ئوخۇمنى بىر قەۋەت ھۆللەنگەن قەغەزگە ئوراپ جىمبىلدە دۈملەپ پىشۇرۇپ، شاكىلىنى سويۇۋەتكەندىن كېيىن ئاق مۇچ بىلەن بىللە ئىستېمال قىلىنىدۇ. چوڭلار بىر كۈندە ئىككىنى، بالىلار بىرنى يەيدۇ، ئون كۈن بىر داۋالاش باسقۇچى بولىدۇ. بىرىنچى داۋالاش باسقۇچىدىن كېيىن ئۈچ كۈن توختاپ، ئىككىنچى داۋالاش باسقۇچى باشلىنىدۇ. بۇ رېتسېپ بىخەتەر ھەم ئىشەنچلىك، ھېچقانداق ئەكس تەسىرى يوق.

## ئۇرمۇش ئادىتى . . .

يېقىندا، ئامېرىكىدا بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىسلەر ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ يەكۈن چىقارغان:

كىيىم-كېچەك جەھەتتە ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ئادىتى ئەڭ ياخشى.

يېمەك-ئىچمەك جەھەتتە ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئادىتى ئەڭ ياخشى.

ئىجتىمائىلىك جەھەتتە جۇڭگولۇقلارنىڭ ئادىتى ئەڭ ياخشى ئىكەن.

## ئەڭ تېز يۈگۈرەيدىغان بويىنزۇ بوۋاي

ئېلىمىزنىڭ گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ ماجاڭ ناھىيىسىدىكى تاغلىق رايوندا 80 ياشقا كىرگەن لى پىنفا ئىسىملىك بىر بويىنزۇ بوۋاي بار. ئۇ ياش ۋاقتىدا ناھايىتى ئۇستا ئوۋچى ھەم يۈگۈرەش ماھىرى ئىكەن. بىر تەسادىپىي پۇرسەتتە دۆلەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ئۇنىڭ ئۇزۇننى يۈگۈرەش جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى سېزىپ قالىدۇ. لى پىنفا شۇندىن باشلاپ ئىلمىي ئۇسۇلدىكى مەشىقنى باشلىۋېتىدۇ. 1986 - يىلى 10 - ئايدا لى پىنفا جۇڭگوغا ۋەكالەتەن كاناداغا بېرىپ 19 - نۆۋەتلىك ياشانغانلارنىڭ ئۇزۇنغا يۈگۈرەش بويىچە لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدۇ ھەمدە يېڭى رېكورت يارىتىپ دۇنيا بويىچە ئەڭ تېز يۈگۈرەيدىغان بوۋاي دەپ نام ئالىدۇ.

(ئۆمەرجان ھەسەن: ت)

## ئاجايىپ قائىدە . . .

برازىلىيىنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە كىچىك بىر دۇكان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇنداق بىر غەيرى قائىدىسى بار ئىكەن: ھەر قايسى شاھەرلەردىكى داڭلىق كىشىلەر بۇ دۇكاندىن مال ئېلىپ پۇل تۆلىمەيدىكەن، بىراق مال ئالغۇچى چوقۇم بىر ماھارەت كۆرسىتىپ ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئىسپاتلىشى زۆرۈر ئىكەن.

## «ئاق تۈكلۈك ئادەملەر» ئارىلى

برازىلىيىنىڭ دېڭىز بويىدا بىر «ئاق تۈكلۈك ئادەملەر ئارىلى» بار ئىكەن، ئارالدا 300 نەچچە ئادەم ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، پۈتۈن ئەزايىدىكى تۈكلىرى ئاق ئىكەن. ئالىملار ئۇزۇن قېتىم تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئاق تۈكلۈك ئادەملەرنىڭ سىرىنى تاپقان. ئەسلىدە ئۇلار يېقىن تۇغقانلار ئارا توي قىلىش ۋە ئىرسىيەتتىن كېلىپ چىققان ئىكەن. 1900 - يىلى ئىككى ئائىلىلىك بېلىقچى بۇ ئارالغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. كېيىن ئۇلۇغلىرا ئاكا - ئۇكىلار ئىككەيلەن بارزىلىيە ئاچا - سىڭىللار بىلەن توي قىلغان. دەل بارزىلىيەنىڭ ئانىسىدا ئاقلىشىش ئالامىتى بار ئىكەن، ئىرسىيەت ئالمىشىش تۈپەيلىدىن بارزىلىيە ئاچا - سىڭىللار تۇغقان باللارمۇ ئاق تۈكلۈك تۇغۇلغان. چۈنكى بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن، ئۇلار پەقەت بىر نەۋرە ئاكا - سىڭىللار ئارا توي قىلىشقان. نەتىجىدە، ئارالدا ئاقىرىش كېسىلى بولغان ئادەملەر بارغانسېرى كۆپىيىۋەرگەن، شۇ ئەرىقتىن كۆپىيىپ ھازىرقى «ئاق تۈكلۈك ئادەملەر ئارىلى» غا ئايلانغان.

(تۇرسۇن پىداقۇل: ت)

## نېمە ئۈچۈن «نىكوتىن» دەپ ئاتىلىدۇ

كىشىلەر دائىم تاماكا چېكىش زىيانلىق دېيىشىدۇ. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى تاماكىنىڭ تەركىبىدە ناھايىتى كۆپ نىكوتىن بار. ئۇنداق بولسا، «نىكوتىن» دېگەن نېمىدۇ؟ «نىكوتىن» ئىنگىلىزچە «نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. يەنە تاماكا ئىشقارى. تاماكىدا نىكوتىن تەركىبى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، راك كېسىلىنى پەيدا قىلىدۇ. ئادەمنى كاناي ياللۇغى، زىققا كېسىلى ۋە يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار قىلىدۇ.

تاماكا ئىشقارىنى ئەينى ۋاقىتتا فرانسىيىنىڭ پورتۇگالىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى نىكوتىن ئەپەندى بايقىغان. شۇ چاغدا، نىكوتىن ئەپەندى پورتۇگالىيىلىكلەرنىڭ بىر خىل ئۆسۈملۈكنى ئىستېمال قىلىپ ئاغرىپ قالىدىغانلىقىنى ھەتتا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىدىن ھەيران قالغان. شۇنىڭ بىلەن، بۇ خىل ئۆسۈملۈكنى پارىژغا ئېلىپ كېلىپ تەكشۈرگەن. ئاخىرى زەھەرنىڭ ئاساسىي تەركىبى تاماكا ئىشقارى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. كېيىن، كىشىلەر تاماكا ئىشقارىنى بايقىغان ئادەمنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن تاماكا ئىشقارىغا نىكوتىن دېگەن ئىسىمنى قويغان. (گېڭ جۇنلى: ت)



# كىشىلىك ھايات ۋە شاھمات

## ئويناش

ساڭ ساڭ

كىشىلىك ھايات شاھمات ئويناشقا ئوخشايدۇ. ئۇستىلار بەش قەدەمدىن يەتتە قەدەمگىچە مات قىلالايدۇ، نائۇستىلار ئىككى - ئۈچ قەدەمدىلا مات بولۇپ قالىدۇ. ئۇستىلار ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتىدۇ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزلەيدۇ، ھەر بىر تۇرۇق ياكى ھەر بىر قەدەمنى تاللاشمايدۇ، ئاخىرقى غەلىبىنى ئەۋزەل بىلىدۇ؛ نائۇستىلار بولسا كىچىككىنە مەنپەئەتنىمۇ تالىشىدۇ، نەتىجىدە ئورغۇن جاپا چېكىپ، بىر تالاي سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلىپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئويۇننى يەنىلا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتۇرىدۇ.

يەڭگۈچىلەر ئومۇمەن كەمتەر بولىدۇ، يېڭىلىپ قالغۇچىلار بولسا كۆپ ھاللاردا يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەي يەڭگۈچىنى بىئارام قىلىدۇ. ئەگەر يەڭگۈچى كۆرەڭلەپ كەتسە، ئىككىسىلەن ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىققا جەزمەن تەسىر يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى، يەڭگۈچى كەڭ قورساق، كىچىك پېئىل بولسا، يېڭىلگۈچى كەمتەرلىك بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، بۇنداقتا مەدەنىي كەيپىيات بارلىققا كېلىدۇ، ئۆگەتكۈچىمۇ، ئۆگەنگۈچىمۇ ئوخشاشلا خۇشال بولىدۇ. بىلىم ئېلىشنىڭ يولى مۇشۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ يولىمۇ ھەم شۇ.

كىشىلىك ھاياتتا ھەۋەسكارلا بىرىلىپ كېتىشكە بولمايدۇ، بىلىم دائىرە كەڭرەك بولۇش كېرەك. بەزى ئىشلاردا ئومۇمىي ۋەزىيەت مۇقىملىشىپ، مۇۋەپپەقىيەتتىن ئۈمىد قالمىغاندا، ئىشنى تېز يىغىشتۇرۇپ، باشقىچە يول تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭغا يېپىشىۋېلىپ ئۆزىنى بىھۇدە ئاۋارە قىلىشنىڭ، ئۆمرىنى زايا قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. بىر كىشىنىڭ نېمە قىلماقچى بولۇشى ۋە نېمە قىلالايدىغانلىقى باشقا - باشقا ئىككى ئىش، ئەلۋەتتە ھەممە كىشى چامىسى يېتىدىغان ئىشنى قىلىشى كېرەك، بۇ گويا بىر ئايالنىڭ قانداق پاسوندىكى كىيىمنى ياقتۇرۇشى بىلەن قانداق پاسوندىكى كىيىمگە ئېرىشەلىشىنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى ئىش ئىكەنلىكىگە ئوخشاش بىر ئىش. مۇبادا بىرەر كىشى يازغۇچىلىق ساھەسىدە ئۆزۈنىچە بىرەر ئەسەر چىقىرالمىسا، كەسپىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىگە تېخىمۇ مۇۋاپىقراق كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغىنى تۈزۈك. كىشى بىر بالداق تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئابرۇيپەرەسلىكنى تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرىدىغانلا بولسا، چوقۇم تېخىمۇ زور نەتىجە

ياراتتىپ، ئۆزىنىڭ كىشىلىك قىممىتىنى تاپالايدۇ. ئادەم قىلسىمۇ - قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئىشنى قىلماسلىق، بولسىمۇ بولىدىغان - بولمىسىمۇ بولىدىغان ئادەملەردىن بولۇپ قالماسلىق كېرەك، بۇ، ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك تۈپ پەزىلەت، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، بەزى دۆلەتلەر يېڭىلىپ قالىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، دەرھال شەرتسىز تەسلىم بولىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، بۇرۇلۇپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى، ئۇلار ئۇرۇشتىن ئىبارەت شاھمات ئويۇنىدا ئۇتتۇرۇپ قويغان بولسا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت شاھمات ئويۇنىدا ئۇتتى. لېكىن، يەنە بىر قويىدۇ، بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىش دانالىقىنىڭ ئالامىتى. ئەپسۇسكى، كىشىلىك ھاياتتا شاھماتقا ئوخشاش يېڭىۋالغىلى بولمايدۇ. لېكىن، ھەر ئىشتا كەڭ قورساق بولۇش كېرەك، بۇنداق قىلىشنىڭ پايدىسى كۆپ. باشقىلارغا يول قويغانلىق ئۆزىگە يول قويغانلىق، باشقىلارغا كۆيۈنگەنلىك ئۆزىگە كۆيۈنگەنلىك.

شاھمات ئوينىغاندا ئەركىنرەك بولۇش كېرەك، شۇندىلا ئويۇندىن ھوزۇر ئالغىلى بولىدۇ. شاھمات ئويناشنى بىر خىل دەم ئېلىش ئۇسۇلى دەپ قاراپ، ئۇنىڭ بىلەن روھىي ئازادىلىككە يېتىش كېرەك. مۇبادا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئارتۇقچە باش قاتۇرۇلسا، ھەتتا خىزمەت ۋە ئۆگىنىشتىنمۇ بەكرەك كۈچەپ كېتىلسە، ئۇ ھالدا يېڭىۋالغاندا بەك خۇشال بولۇپ كېتىدىغان، يېڭىلىپ قالغاندا ئاچچىقىغا پايلىمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ - دە، تەن سالامەتلىككە زىيان يېتىدۇ، ئۆمۈر قىسقىرايدۇ. شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلار بىرەر قېتىملىق شاھمات ئويۇنى ئۈچۈنمۇ ھەددىدىن زىيادە باش قاتۇرۇپ كېتىدۇ، بۇنداقلارنىڭ جېنىغا ۋاي! كىشىلىك ھاياتتا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا ئەرزىيدىغان ھەر - ھەر چوڭ ئىشلار بار، ئۇششاق ئىشلارغا تولىمۇ جىددىي قارايدىغان كىشىلەرنىڭ ھاياتى ئانچە قەدىرلىك بولمايدۇ.

ئۇستىلار بىلەن شاھمات ئويناش بىر خىل ھوزۇر، قىسمەن دۆلەتلەر بولسا ئاشۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇرۇشتىن ئىبارەت شاھمات ئويۇنى بىلەنلا بولۇپ كەتتى. ئىنساننىڭ ھاياتى رەتلىك داۋام قىلىشى كېرەك. بەزىدە ئىنسان بىرلا ۋاقىت ئىچىدە ئىككى يۈرۈش شاھمات ئويناشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئۆز خىزمىتى ۋە ئىشتىن سىرتقى قىزىقىش. بۇنداق ئىككى يۈرۈش شاھمات ئۆز ئارا ماسلاشسا ئۇنىڭ ئۈنۈمى زور بولىدۇ، بىر يۈرۈش شاھماتتا يېڭىلىپ قالغان تەقدىردىمۇ، كۆڭۈل خاتىرجەم تۇرىدۇ.

پىشقان ئادەملەر يېڭىش - يېڭىلىش ئۈستىدە ئارتۇقچە باش قاتۇرۇپ ئولتۇرمايدۇ، رەقىبىنى ماختاشقا جۈرئەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپمۇ بېرەلەيدۇ، ئۇنىڭ يېڭىۋېلىشىغىمۇ يول بۇنىڭدا قارشى تەرەپنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتىدىن زوق ئالغىلى بولىدۇ. چاكىنا ئادەملەر بىلەن شاھمات ئويناش كىشى ئۈچۈن بىر خىل ئازاب، بۇنداق ئادەملەرنىڭ ناچار ئىستىلى كىشىنى خورلۇق ھېس قىلدۇرىدۇ. كىشىلىك ھاياتتا ئالىيجانابلىق ۋە چاكىنىلىق ھامان ئۇچراپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن كىممۇ ساقلىنالىسۇن؟ ئالىيجانابلار بىلەن بىللە بولسىڭىز ئۇلاردىن تەربىيە ئالىسىز ياكى چېنىقىسىز؛ چاكىنا ئادەملەر بىلەن بىللە بولسىڭىز پەزىلەت جەھەتتە سىنىلىسىز، ئىبرەت ئالىسىز. تۇرمۇشتىكى ئۆزگىرىش ۋە رىقابەتلەرنى شىجائەتچانلىق بىلەن كۈتۈۋېلىش كېرەك. كۆپ ئاۋلانسا تۆمۈر پولاتقا ئايلىنىدۇ، قاشتېشىمۇ ئويۇش ئارقىلىق چىرايلىق تۇسكە كىرىدۇ.

شاھمات ئويناشتا شاھمات رىسالىسىنى ئوقۇش ھاجەت ئەمەس، ئۇنداق قىلىنسا ئۇتتۇپ كەتكەن بىمەنىلىك بولىدۇ. كىشىلىك ھاياتنىڭ «شاھمات رىسالىسى»گە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىش بىھۇدە ئاۋارىچىلىق، ئۇنداق نەرسە ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس. دۇنيا كۈنسايىن يېڭىلىنىپ بارماقتا، ئۆتمۈشنىڭ گەپلىرىگە ۋە باشقىلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالمايمۇ بولمايدۇ، قارا - قويۇق ئىشىنىپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئالغا قاراپ، ئىزلىنىپ ئىلگىرىلەش لازىم.

## بازار ئىگىلىكى ۋە كۆز قاراش جەھەتتىكى ئالتە چوڭ ئۆزگىرىش

بازار ئىگىلىكىنىڭ تەسىرىدە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قارىشىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرمەكتە. ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنىڭ يېڭىلىنىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىنى بوغۇپ كەلگەن كۆز قاراشلارغا چاك كەتتى.

1. «بىرلىككە كەلتۈرۈش»كە ئۇرۇنۇشتىن كۆپ خىللىققا قاراپ ئۆزگىرىش. جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى تۈزۈلمىسى «بىرلىككە كەلتۈرۈش»نى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە بەلگىسى قىلغان، مەسىلەن، بىرلىككە كەلگەن پىلان، بىرلىككە كەلگەن مال باھاسى ۋە ھاكازالار. ۋەھالەنكى، بازار ئىگىلىكى روشەن كۆپ خىللىقنى ئۆزىگە ئالاھىدە بەلگە قىلىدۇ. كىشىلەر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى كۆپ خىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ئېلىپ بېرىشقا بولىدىغانلىقىنى تەدرىجىي تونۇپ يەتتى، شۇنىڭ بىلەن كۆپ خىللىققا ئىگە، كۆپ مەنبەلىك ئىدىيىۋى كۆز قاراش بارا - بارا شەكىللەندى.

2. يۆلىنىۋېلىشتىن يېڭىلىق يارىتىشقا قاراپ ئۆزگىرىش. ئەنئەنىۋى تۈزۈلمە ئاستىدا، جۇڭگو كارخانىلىرىدا ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش كۈچى كەمچىل بولۇپ، ئۇلار يۆلىنىۋېلىشقا، كۈتۈپ تۇرۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىدى. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، خېيىم - خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشقا جۈرئەت قىلىشتەك يول ئېچىش روھى ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ يادروسى بولۇپ قالدى، كىشىلەر يېڭى شەيئىلەرگە قىزغىنلىقنى ئىپادىلەشكە باشلىدى.

3. بېكىنمە ھالەتتىن ئېچىۋېتىشكە قاراپ ئۆزگىرىش. سىستېمىلار ۋە رايونلار بويىچە بۆلۈنۈپ كەتكەن تۈزۈلمە ئاستىدا، كىشىلەردە قالاق، بېكىنمە ھالەتتىكى «ئۇششاق بازار» ئېڭى ھاسىل بولۇپ قالغان ئىدى، مەملىكەت بويىچە بىر ئۇتاش بازار ۋە دۇنياۋى بىر ئۇتاش بازارنىڭ تەدرىجىي شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر رىقابەت جېڭىنى ئېچىۋېتىلگەن روھىي ھالەت بىلەن قارشى ئېلىپ، خەلقئارا بازارغا چوڭ قەدەملەر بىلەن قاراپ ماڭدى.

4. تەڭ تەقسىماتچىلىقتىن رىقابەتلىشىشكە قاراپ ئۆزگىرىش. رىقابەتنىڭ ئەمگەكچىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ھاياتىي كۈچىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى، رىقابەتنىڭ بېسىمى شەخسكە نىسبەتەن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلىنىدىغانلىقىنى تېخىمۇ كۆپلىگەن كىشىلەر تونۇپ يەتتى. ئىسلاھات كىشىلەرگە رىقابەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلغۇزدى.

5. ئاستا رىتىمدىن ۋاقىت ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىشكە قاراپ ئۆزگىرىش. بازار رىقابىتى شارائىتىدا، كىشىلەردە «ۋاقىتنىڭ ئۆزى ئۈنۈم»، «ۋاقىتنىڭ ئۆزى بايلىق» دەيدىغان ئاڭ كۈنسېرى كۈچەيدى.

6. مەبلەغقە ئەھمىيەت بېرىشتىن پەن - تېخنىكىغا ئەھمىيەت بېرىشكە قاراپ ئۆزگىرىش. ئىلگىرىدىكى كارخانا باشقۇرغۇچىلار مەبلەغنى ۋە ئەمگەك كۈچىنى كۆپ سېلىشنى ئىقتىسادىي ئېشىشنىڭ ئاساسلىق ئامىلى دەپ قاراپ كەلگەن ئىدى. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، كىشىلەر پەن - تېخنىكا ئامىلىنىڭ رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقىش ياكى مەغلۇپ بولۇشتىكى ستراتېگىيىلىك كاپىتال ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتتى، شۇنىڭ بىلەن پەن - تېخنىكىغا، تېخنىكىلىق خادىملارغا ئەھمىيەت بېرىش كەيپىياتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا شەكىللىنىشكە باشلىدى.

# قەبرە ئالدىدىكى سوئال ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولى

يارمۇھەممەت تاھىر

ئادەم تۇغۇلىدۇ، ياشايدۇ، ئاخىر بۇ دۇنيادىن كېتىدۇ. ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى ھاياتلىق ئالىمىدىكى سەپەرنىڭ باشلىنىشى بولسا، ئادەمنىڭ ئۆلۈشى ئۇنىڭ ھايات دۇنياسى بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىشىدۇر. بۇ، قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئوبيېكتىپ ھايات قانۇنىيەتلىرىدىن بىرى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئىچىدە تۇغۇلۇش (ھاياتلىق) بىلەن ئۆلۈش (يوقىلىش)كە بېغىشلانغان تۈرلۈك مۇراسىملار بارلىققا كەلگەن. ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆلۈمنى ئۇزىتىش مۇراسىمىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆلۈم ئۇزىتىش مۇراسىمىمۇ ئۆزىگە خاس ئادەت روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۆلۈمنى ئۇزىتىش مۇراسىمىنىڭ مەلۇم باسقۇچىدا، ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سوئال - جاۋاب ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا، ئۆلۈم مۇراسىمى يالغۇز ئۆلگۈچىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ كۆمۈپ قويۇش مۇراسىمى بولماستىن بەلكى يەنە ئۆلگۈچىنىڭ ھاياتىغا باھا بېرىش مۇراسىمىمۇ بولىدۇ. بۇ خىل پائالىيەت مۇنداق شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدۇ: ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈشتىن بۇرۇن ياكى يەرلىككە قويۇش ئالدىدا يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن «مېنىڭ دادام (ياكى ئانام، ئاكام، ئاچام، تۇغقىنىم...) قانداق ئادەم ئىدى» دەپ سورايدۇ. يۇرت مۆتىۋەرى ياكى جامائەت ۋەكىلى مۇراسىمغا يىغىلغان بارلىق جامائەتكە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ ئۆلگۈچىنىڭ ھاياتى، ئۇنىڭ كىشىلىك قىممىتى ۋە ئەل يۇرت ئۈچۈن ئوينىغان رولىغا يۇرت جامائىتى نامىدىن باھا بېرىدۇ.

كىشىلىك جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ھەربىر كىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، مىجەز-خۇلقى ۋە ھايات مۇساپىسىدا ياراتقان ئىنسانىي قىممىتى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قەبرە بېشىدا بېرىلگەن باھامۇ ھەرخىل بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئەل-جامائەت بۇ باھانى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ كىشىلەردە سۈرلۈك تەسىرات پەيدا قىلىپ، بىر قېتىملىق ئىجتىمائىي تەلىم - تەربىيە دەرسلىكى بولۇش رولىنى ئۆتەيدۇ.

ياخشى مىجەزلىك كىشىلەر، تۆھپىكار كىشىلەر ئۆز ھاياتىنىڭ ھەقىقەتەن قىممەتلىك ھايات ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ ۋە ھاياتىي ئۈچۈن مەمنۇنىيەتلىك تۇيغۇسىدا بولىدۇ.

ھاياتىنى مەنىسىز، بىھۇدە ئۆتكۈزگەن كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھامىنى بىر كۈنى ئەل - يۇرتنىڭ ھەقلىق گۇۋاھلىقى ئالدىغا بارىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئەل - يۇرتنىڭ باھاسى ئۆلگۈچىنىڭ ھايات قالغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا نىسبەتەن ياخشى بىر تەجرىبە ساۋاق ۋە تەلىم - تەربىيە رولىنى ئوينايدۇ.

يۇقىرىقى مۇلاھىزىلەردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆلۈم ئۇزىتىش مۇراسىمىدىكى «سوئال - جاۋاب» قائىدىسى ھەربىر كىشىنىڭ ھايات دۇنياسىدىكى ئۆمرىگە باھا بېرىشنى مەركىزىي مەقسەت قىلغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تەلىم تەربىيىسىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىنى ۋە شەكلىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد داۋاملىشىۋاتقان ئەنەنىۋى تەلىم - تەربىيە شەكىللىرىنىڭ بىرى.

شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇكى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، قەبرە بېشىدا سورالغان سوئالغا بېرىلىدىغان جاۋابلار بەزى ھاللاردا تازا لىللا بولمايدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت.



# ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

سوئال: بىر بوۋاي ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ «ئوغلۇم، ياخشى ئىش قىل، ياخشى ئادەم بول، ھەرگىز يامان ئادەم بولۇپ قالما!» دەپتۇ. ئوغلى ئۇنىڭدىن «دۇنيادا ياخشى بىلەن ياماننى ئۆلچەيدىغان ئۆزگەرمەس تارازا بارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. بىچارە بوۋاي جاۋاب بېرەلمەي ئوغلىغا قاراپلا قاپتۇ، سىز جاۋاب بېرىپ بوۋاينىڭ «دەردىگە دەرمان» بولالامسىز؟ -

— خوتەن ناھىيە ئىسلام ئاۋات يېزا خانئېرىق مەھەللىدىن ئابدۇخېلىل ئادىل.

جاۋاب: تارازا ئاڭسىز نەرسە، ياخشى - يامان دېمەي ئېغىرلىقى بارلىكى نەرسە بولسا تارتىۋېرىدۇ. سىز دېگەن «ياخشى» بىلەن «يامان»نىڭ ئېغىرلىقى بولسىلا تارازا تەييار.

سوئال: مەن بىر قىزنى شۇنداق ياخشى كۆرۈپ قالدىمكى ئۆمۈرۋايەت باشقا بىرسىنىڭ قول ئۈچىنى تۇتۇشىنىمۇ راۋا كۆرمەيمەن. بىراق ئۇ قىز مېنى تونۇمايدۇ، بېشىم بەكمۇ قېتىپ كەتتى، قانداق قىلسام بولا؟

— يۇقىرىدا سوئال سورىغان كىشىدىن

جاۋاب: ۋۇجۇدىڭىزدا ھەقىقىي يىگىتلىك قېنى ئۇرغۇيدىغان بولسا، يۈرىكىڭىزدە پەرھاتتەك سۆيگۈ ئوتى يالقۇنجايدىغانلا بولسا، بېشىڭىزنى قاتۇرماي ئۇ قىزغا تونۇشلۇق بېرىڭ. مۇھەببەت ئادەم تونۇمايدۇ، كۆڭۈل تونۇيدۇ.

سوئال: ماددا ئېنېرگىيىگە ئايلىنىدىكەن (مەسىلەن ئاتوم بومبىسى)، ئۇنداقتا ئېنېرگىيىمۇ ماددىغا ئايلىنامدۇ؟

— قاغىلىق ناھىيە شاخاپ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئەنۋەر تۇرسۇن.

جاۋاب: ماددا يارىتىلمايدۇ ۋە يوقالمايدۇ، دۇنيادىكى ھەر خىل ماددىلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە يوقىلىشى، پەقەت ماددا شەكلىنىڭ مەلۇم شارائىت ئاستىدىكى ئۆزگىرىشىدۇر. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ئېنېرگىيىمۇ ماددىغا ئايلىنىدۇ.

سوئال: ژۇرنىلىڭلار ھەر قايسى جايلاردىكى ئوقۇتقۇچىلاردىن ۋەكىل تاللاپ (مەنمۇ بار!) بىر ساياھەت ئۆمىكى تەشكىللەپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ھەسسە قوشۇشتا باشلامچى بولۇشنى خالامدۇ؟

— يۇقىرىقى ئادرېستا يەنە ئەنۋەر تۇرسۇن.

جاۋاب: ئەگەر قاتناش، مېھمان كۈتۈش ۋە ئاشپۇزۇللا ھەق تەلەپ قىلمىغان بولسا خوپمۇ باشلامچى بولغىمىز بار ئىدى.

سوئال: بىر ماتېرىيالدا، «ئامېرىكىدا كۆ-رۈلگەن ئۇچار تەخسىدە ئالەم ئادەملىرىنىڭ جەسىتى بار، ھەتتا تىرىك ئالەم ئادەملىرى بار، بۇنى روزۋېلت زۇڭتۇڭمۇ كۆرگەن ۋە ئۇلار بىلەن سۆزلەشكەن» دېيىلىپتۇ، راستىمدۇ؟

— يۇقىرىقى ئادرېستا يەنە ئەنۋەر تۇرسۇن

جاۋاب: بۇ ماتېرىيالنى مەن كۆرمەپتىكەنمەن. بىراق ماتېرىيال راست بولسا، دېيىلگىنى راستتۇ. -




چىراي — ئادەمنىڭ ئاسمىنى، ئۇنىڭدىن ئادەم رايىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ساقال — ئەرلەرنىڭ زىننىتى ھەم بىردىنبىر قېلىن يۈزنى ئاغرىتماي تېشىپ چىقالايدىغان نەرسە.

قۇلاق — ئادەمگە خۇشاللىقتىن كۆپ بىئاراملىق كەلتۈرىدىغان ئىشپىيون.

قول — ئادەمنىڭ ئەڭ مەينەت مالىيى.

ئۆپكە — ئاماكىنىڭ جەننىتى.

ئېغىز — گەپ ئەخلەتخانىسى.

چىش — رەھىمسىز جاھانگىر.

تىل — ئادەمنى بالاغا تىقىدىغان ئورگان.

گال — ئىنساپىنى سۇغىرىۋالسا، مەڭگۈ تولمايدىغان تۆڭكۈر.

ئاشقازان — ئۈزلۈكسىز تاۋلاش زاۋۇتى.

چاچ — باشنى قاپاقتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان نەرسە.

يۈز — بىر خىل نىقاب، بارىدا ئادەم ئادەم كۆرۈنىدۇ، يوقىدا ئادەم نىجىس كۆرۈنىدۇ.

بارماق — ئىچىگىلا ئېگىلىدىغان تىپىك ئالارمەن ئەزا.

پۇت — ئادەمنىڭ قاتناش قورالى.

كالپۇك — يات جىنسلىقلارغا ئىسسىق تۇتكۇزۇش ئۈچۈن يارىتىلغان ئەزا.

قان — ئىنسان ۋەھشىلىك بىلەن يىغقان ئېنېرگىيە بايلىقى.

كۆكرەك — ئەرلەر باشقىلارغا ھەيۋە قىلغاندا ئۇرىدىغان، ئاياللار باشقىلارغا كۆز - كۆز قىلغاندا دىڭگايتىدىغان ئەزا.

مېڭە — ئىشلىسە تەگدىشى يوق، ئىشلىمىسە بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان بىر پىيالە قىيمىق.

كۆز — گاھى ئادەملەر ئۈچۈن ئۇ بىر دۇربۇن، گاھى ئادەملەر ئۈچۈن ئۇ بىر كاما.

كىرپىك — كۆزنىڭ كانۋىيى.

روھ — ھاياتلىقتىكى ئەڭ شىپالىق دورا، ئۇنىڭسىز ئادەم تىرىك جەسەت بىلەن باراۋەر.

نەسىھەتچى — ئۆزى ئەمەل قىلمايدىغان پرىنسىپلارنى باشقىلارغا ئۆگىتىشكە ئامراق ئادەم.

خور ئۆمىكى — ئامىتى كەلمەي خار بولۇپ يۈرگەن ناخشىچىلار گۇرۇپپىسى.

يىگىت — نومۇسنىڭ قۇلى.

قەلەم — قان تۆكمەي جان ئالىدىغان قورال.

قەغەز — سىيانىڭ داستىخىنى.

ھاراق — گاچىغا زۇۋان كىرگۈزىدىغان ئابىھايات.

مال - دۇنيا — جاننىڭ سادىقىسى.

جان — ئار - نومۇسنىڭ سادىقىسى.

يېقىن دوست — سەن ئۇنىڭغا ئىچكى سىرىڭنى دەپ بەرسەڭ، بۇ سىرنى باشقىلارغا دەپ قويىدىغان ئادەم.

چاۋاك — مەيلى ئورۇنلىغان تويۇڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسۇن ياكى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىسۇن باشقىلار تەرىپىدىن بېرىلىدىغان سوغات.

ھايات — باشقىلارنىڭ ئۆلۈمگە بارغاندا ئاندىن ھېس قىلىدىغان نەرسە.

ياشلىق — بارىدا قەدرى بولماي قېرىغاندا ھەسرەت ئىچىدە ئەسلەيدىغان دەۋر.

پاينەك باش — ساتىراچىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى.

ئاچكۆز — داستىخاننى قۇرۇغداپ بولۇپ، يالغان چىشىنى ئېلىپ غاجىلايدىغان ئادەم.

بايرام — كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ بىمەنا ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن تاللىۋالغان كۈن.

تەقدىر — ئەزەلدىن بۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى ئۇنىڭغا باشقا ئامال يوق دەپ قارىلىپ كەلگەن، ھازىر قاراپ باقساق ئەسلى ئۇ بىزنىڭ باشلىقىمىز ئىكەن.

تۆھمەتچى — تىرىك تۇرغۇزۇپ جېنىڭنى ئالىدىغان ئادەم.

ئاشپەز — قازاننىڭ خوجايىنى، خېرىدارنىڭ چاكىرى.



# قوغۇنچى بوۋاي

ھېكايە

ۋەلى ئاچىل

1

مەن پىژغىرىم ئىسسىقتا كۆمۈلدۈم. كۆزلىرىم چىمىرلاپ كەتتى. ئالدىمدىكى ئەتلەستەك تاۋلىنىپ تۇرغان چەكسىز قۇملۇق دولقۇنلىنىپ كۆرۈندى. بېشىم ساڭگىلىغان، ھارغىن قەدەم ئالىمەن. ئاندا - ساندا چېچەكلەپ قالغان چۆل ياڭاقلىرى ئۇچراپ قالىدۇ. ئاۋۇ دۆڭنىڭ ئۈستىدىكى غېرىپ تورغاي خارابە بولۇپ كەتكەن بۇ دىيارغا قاراپ مۇڭلۇق ئاۋازدا مەرسىيە ئوقۇماقتا.

كېتىۋاتىمەن... چۆلدە ئۇسسىزلىق، ئاچلىق دەستىدىن ئۆلۈپ كەتكەن بىچارە كىشىلەرنىڭ، ئات - ئۇلاغلارنىڭ گۆشلىرىنى يەپ تويمىغان بىر توپ قۇزغۇنلار سەت ئاۋازلىرى بىلەن «قىرراق - قىرراق!...» قىلىدۇ. بۇ چۆل بىر كىچىك بوستانلىققا ئۇلاشقان. چۆللۈك ئوتتۇرىسىدىكى بۇ مەھەللە ھەر نىمە دېگەن بىلەن ئاۋات، قايناق - تاشقىنلىققا تولغان تىنچىسىز دۇنيا؛ ئۇ يەردە مېنىڭ بىر يۈز ئوتتۇز ياشلىق قوغۇنچى بوۋام بار.

— تايلىقىم، يېنىمغا كەل، ياڭاق غولىغا قوغۇن ئۇرۇقى سېلىشنى ئۆگىنىۋال. بۇ بىزنىڭ ئاتا كەسپىمىز بالام!

ھەر قېتىم قوغۇنلۇققا بارسام شۇنداق دەپ بېشىمنى سىلايدۇ بوۋام.

— بوۋا، مەن چايان تۇتۇپ ئوينايمەن، — دەپ يىلىناتتىم.

— ھا - ھا - ھا! گۆدەك بالا، چوڭ بولۇپسەنا! تېخىچە چايان تۇتۇپ ئوينىغىدەك بولدۇڭمۇ باتۇر قوزام؟ مېنى دوراپسەن، مەن كىچىك چېغىمدا ئاتامغا يىلان تۇتۇپ ئوينايمەن، دەپ جېدەل قىلاتتىم.

— بوۋا، ئەمىسە مەنمۇ يىلان تۇتۇپ ئوينايمەن!

— قارا يامانلىقنى بۇنىڭ! ۋاي قوزام، نىمە دېگەن ئەقىللىقسەن، ئوغۇل بالا دېگەن خەتەردىن قورقمايدۇ، يۈرە مەن بىلەن ماڭ، بىللە تۇتۇپ كېلىمىز، بالام.

بوۋام بىلەن ئۈژۈن ئىزدەپ، مەھەللىنىڭ ئۇۋىسىدىكى كىچىك سازلىقتىن غىبىچ كېلىدىغان بىر يىلاننى تۇتۇۋالدۇق. مەن ئۇنى بىر كۈن ئاسمانغا ئېتىپ ئويناپ ئۆلتۈرۈپ قويدۇم.

2

يىراق قەدىمكى زاماندا بۇ چەكسىز چۆل بىپايان يايلاق ئىكەن، مۇشۇ يايلاقنىڭ ئۇۋىسىگە ئاتا - بوۋىلىرىمىز بىر ئاۋات شەھەر بىنا قىپتۇ. بۇ ئەلنىڭ خاندانى ئۇز قەۋمنى بىر بايراق ئاستىغا يىغىپ، ئەتراپقا خېلى كېڭىيىپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئۇۋىسىدىن بىر ئانا دەريا ئېقىپ ئۆتۈپ، چوڭ بىر كۆلگە قۇيۇلىدىكەن. شەھەر ئاھالىسى باي - باياشات، خەلق ئىچىدە ئازارلىق يوق ئىكەن. ھەر كۈنى باشقا ئەللەردىن كارۋانلار كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەلنىڭ نامى پۈتۈن دۇنياغا تاراپتۇ.

خېلى يىللار ئۆتۈپتۇ. كېيىنكى مەزگىللەردە، ياش ئەۋلادلار كونىلار قالدۇرۇپ كەتكەن ئېسىل ئۆرپ - ئادەتلەرنى بارا - بارا چەتكە

قىبقىپتۇ. خەلق ئىچىدە جەڭگى - جېدەل كۆپىيىپتۇ. ئانا دەريا بويى زىناخور ئىپلاسلارنىڭ تۇۋىسىغا ئايلىنىپتۇ. تولار تەڭرى ئالدىدا ھەر خىل يامان ئىشلارنى قىلىپ بۇ دەريادا يۇيۇنۇپتۇ، پاك سۇنى بۇلغاپتۇ. ئەل ئىچىدە ئاچ - زارلىق، ھەر خىل ئاپەتلەر كۆپىيىپتۇ. تۈزۈن تۇتمەي، يات ئەل قانخورلىرى بۇ يۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، نىزاغا تولغان بۇ ئەلنى بېسىۋاپتۇ. ئەل بېشىدا زۇلۇم قامچىسى كېچە - كۈندۈز پۇلاڭلاپ توختىماپتۇ.

... ئانا دەريا بۇنىڭغا چىدىماي زار يىغلايدىكەن. ئۇنىڭ تېنىدا قان يېرىڭ ئېقىپتۇ. ۋەتەنننىڭ باغرىدىن كېسىپ ئۆتكەن بۇ ھاياتلىق شەربىتى، بىر كۈنى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن يولىنى ئۆزگەرتىپ جەنۇبتىكى چوڭ قۇملۇققا سىڭىپ بېرىپتۇ. شەھەرنىڭ جان تومۇرى ئۈزۈلۈپتۇ. سۇ بولمىغاچقا، قۇرغاقچىلىق باشلىنىپتۇ. ئاۋات شەھەر تۈزۈن تۇتمەي خارابىلىققا ئايلىنىپتۇ. شەھەر خەلقى تىرىكچىلىك ئىزدەپ يۇرتمۇ - يۇرتقا كېتىپتۇ. شۇ چاغدا بىزنىڭ بۇ بوستانلىقىمىز تەڭرىنىڭ رەھمى بىلەن ئامان قاپتۇ. مىڭ يىللار مابەينىدە ئاتا - بوۋىلىرىمىز بۇ چۆللۈكتىكى ياتتاقلاردىن ياتتاق شېكىرى قايتىپ ئىچىپ، ياتتاق غولىغا قوغۇن تېرىپ يەپ تىرىكچىلىك قىلىپ كەپتۇ...

بالام، ئاۋات بىر شەھەرنىڭ ئۇن - تىنسىز قۇم ئاستىغا كىرىپ كېتىشى، شۇنچە كۆپ قەۋمىمىزنىڭ ھەر تەرەپكە تېرىقتەك چېچىلىپ كېتىشى قانداق ئېچىنىشلىق؟... بۇ چوڭ ئىش ئاتا - بوۋىلىرىمىزغا قاتتىق تەسىر قىلغان، بۇ ۋەقەنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا رىۋايەت قىلىپ ئېيتىپ كەلگەن. ماڭا بۇ رىۋايەتنى بوۋام سۆزلەپ بەرگەن. سەنمۇ بۇ ئىشنى ئەۋلادلىرىڭغا سۆزلەپ بېرىشنى ئۇنۇتما، بالام.

بوۋام خىقراپ قالدى. تولۇن ئاي پارچە بۇلۇت كەينىدىن ھېجىيىپ كۆرۈندى. مەن قاتتىق ھاياجانلانغان ئىدىم.

— بوۋا!... ماڭا ياتتاق غولىغا قوغۇن تېرىشنى ياخشىراق ئۆگىتىپ قويغىن، مەنمۇ قوغۇنچى



بولاي...

— موماڭ ئەتىلىككە تۇرۇق ئېلىپ بەرسۇن، قوغۇنلۇققا بىللە بارساڭ ئۆگىنىپ قوياي، سەن چوقۇم داڭلىق قوغۇنچى بولىسەن.

— بوۋا، سەن نېمە دېگەن ياخشى - ھە! — بوۋامنىڭ مەڭزىگە مەڭزىمنى ياقتىم. بىر خىل ئوتلۇق ھاياجان مېنى ئىتتىرەتتى.

— يوتقاننى ياخشىراق يېپىپ يات بالام، تاڭ ئاتقىچە توڭلاپ قالىسەن... — بوۋام يوتقىنىمنى تۈزەپ قويدى.

3

كۈن ئۆزىنىڭ يېڭى كېلىندەك ياساپ چىققان چاغ، خورىزىم ئاخىرقى چىللىشىنى توگەتتى. ئورنىمدىن تېتىكلا تۇرۇپ كەتتىم. مومام ماڭا بىر بولاق قوغۇن تۇرۇقى بېرىۋېتىپ:

—ئاپپاق بالام، بېشىڭغا قۇرغۇي قونغاي، — دەپ پېشانەمگە سۆيدى.

يىراقتا، چىمىرلاپ تۇرغان سازلىق... پاقىلار بەس - بەستە كۈكىرىشىدۇ. تۈچەتەك تاۋلانغان قۇم بارخانلىرى ئەتراپنى ئورىۋالغان. پۈت قولۇمغا جان كىرگەن، تېتىك ھالدا قوغۇنلۇققا باردىم.

— كەل، مايەرگە كەل، — بوۋام مېنى چاقىردى. ئۇ بىخ سۈرۈپ چارەك ئۆسكەن شاخلىق بىر توپ ياتاق ئالدىغا مۈكچەيگەن، مەنمۇ ئۇنىڭ يېنىغا مۈكچەيدىم.

— مانا قارا، — ئۇ ياتاق غولىنى قەلەمتىراچ بىلەن ياردى، — قوغۇن ئۇرۇقىنى ئەپلىك جايلاشتۇرۇپ سالىسەن، ئاندىن چىرمىلغۇچ چۆپ بىلەن چىڭ باغلاپ قويىسەن، بىلدىڭمۇ؟ ھە؛ سەنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سېلىپ باقە.

مەن بوۋامنى دوراپ ئۇرۇغ سالدىم.

— مانا ئۇرۇغ، — دېدى بوۋام تونۇشتۇرۇپ، — ياتاق غولىدا ئۇتۇشۇپ تۇرۇۋاتقان سۇ بىلەن نەچچە كۈن ئىچىدىلا ئۈنۈپ چىقىدۇ، تاكى غازاڭ بولغىچە سۇ قويمىساڭمۇ بولىدۇ.

— ئۇنداقتا قايەردىن كۆچ ئالىدۇ؟

— نەخمەق بالا، — بوۋام دولامغا شاپىلاقلىدى، — ھەممە ئوزۇقنى مانا مۇشۇ ياتاقنىڭ ئۆزىدىن ئالىدۇ. قۇلاق سال، — بوۋام ماڭا يۈزلەندى، — ياتاقتا يېتىشتۈرۈلگەن قوغۇن يوغان - يوغان چۈشىدۇ، پىچساڭ ۋاراسلاپ يېرىلىپ قەنت - ھەسەل تېمىپ تۇرىدۇ. بۇنداق قوغۇننى يەپ چوڭ بولغان كىشى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ. مانا بۇ ئەقىلنى بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز تاپقان، بالام...

بوۋام ماڭا يەنە بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇق سېلىپ ئۆگىتىپ قويدى، ئاندىن مەن ئۆز قولۇم بىلەن خېلى كۆپ ئۇرۇق سالدىم.

— بولدى بالام، ئەمدى ئەجرىڭنىڭ مېۋىسىنى كۈت، — بوۋام بېشىمنى سىلاپ كۆزۈمگە تىكىلىپ كۈلدى. ئۇنىڭ قومۇش پۈپۈكىدەك ساقاللىرى ئىتتىرەپ كەتتى. ئۇنىڭ قارامتۇل بەدىنى يەنىلا بەرجەس، چىڭ ئىدى. مەن ئۇنىڭ قوينىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم.

... بوۋام ئالدىمدا ياش كىشىلەردەك روھلۇق كېتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۆتكۈر كەتكەن ئاق كۆڭلىكى ئېگىز ئۇرۇقىغا بەك ياراشقان. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن بارغانچە مەغرۇرلىنىپ كېتىۋاتىمەن.

4

قوغۇنلۇققا يول ئالدىم. ئاددىي ئۆيلۈك مەھەللە دۇقمۇشىدىن ئۆتۈشۈمگە، بىر توپ مويسىپىت كىشىلەر يولۇقۇپ قالدى. ئۇلار نېمىدۇر بىر مەسىلىنى تالىشىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ يېنىغا بارسام، يۈز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان مىجىت بوۋام ئالدىمغا كېلىپ:

— ئوغلۇم، سەنمۇ ئون بەشكە كىرىپ قالدىڭ، كۆزلىرىڭگە قارىسام خېلى چېچەندەك قىلىسەن. قېنى دەپ باقە، باشقا يەردىكى كىشىلەر 50 — 60 ياشقا كىرمەيلا ئۆلۈپ كېتىشىدىكەن، دەيدۇ ما ساۋۇت، بۇ راسىمدۇ؟ بۇنداق بولسا چوڭ ئوغلۇم كېبىرىممۇ بۇ يىل سەكسەنگە كىردى، ئۇ تېخى ئەمدى چار ساقال بولدى. مانا بىزمۇ تېتىك يۈرمەيمىزمۇ؟ بىزنىڭدىن

— بالام، بۇ سەن يېتىشتۈرگەن قوغۇن - ھە،

ئەجرىڭىنىڭ مېۋىسىغۇ؟

— ھەئە، بوۋا.

چوڭلارمۇ خۇددى ياشلاردەك يۈرمەمدۇ؟ توۋا دەيمەن، شۇنچە ياش تۇرۇپ تۈلۈپ كەتسە ـ ھە ...

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي بېشىمنى چايقىدىم.

— سەنمۇ بىلمەيدىكەنسەندە! — دېدى مىجىت بوۋام كالپۇكىنى يالاپ.

— قارىغاندا بىزنىڭ بۇ يۇرت راستتىنلا خاسىيەتلىك ئوخشايدۇ، مىجىت — دېدى بىرى.

— بەزىلەر ئۆلۈغلار قونۇپ ئۆتكەن دېيىشىدۇ

...

— ھەر ھالدا يۇرتىمىزنىڭ قەدرىنى بىلسەك بولغۇدەك...

تەرەپ ـ تەرەپتىن گۇرۇلدەشتى ئۇلار.

ئاستىلا قوغۇنلۇققا يول ئالدىم. يول بويى مېڭەمگە ھەرە كىرىۋالغاندەك غوڭۇلدىدى. چېگىش خىياللار ئىلكىدە كېتىۋاتىمەن... بۇ مەھەللىدىكى ھەممە كىشى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن. مەن سايلا سەككەن ياشتىن ئاشقان موييسپىتلارنى ئۇچرىتىمەن. بوۋامنىڭ: «يانتاق غولىغا تېرىغان قوغۇننى يېگەن كىشىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ» دېگىنى راست بولسا بۇ بىر خاسىيەت...

قوغۇنلۇق، يانتاق غولىدىن پىلەك تارتىپ چوشكەن يوغان ـ يوغان قوغۇنلار تورلىشىپ ماڭا جىلۋە قىلىدۇ. مەن ئەجرىمنىڭ بۇنچىلىك مېۋە بېرىشىنى ئويلاپ بەتمىگەن. شۇڭا ھەيرانلىق ئىلكىدە سايىنىڭ تېشىدەك تىزىلىپ ياتقان سۆيۈملۈك قوغۇنلىرىمغا تويماي قارايمەن.

قوغۇنلۇقتا بوۋام مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ خىرە كۆزلىرى سازلىقتا تۇرۇپ قالغان سۇدەك كۆرۈندى.

— بوۋا، قوغۇن يېگىن.

قوغۇن پىچىپ كېلىپ بوۋامغا ئۇزاتتىم. بوۋامنىڭ ماڭا قاراپ ئىچى ئۇرتەنگەندەك قوللىرى تىترەپ كەتتى.

— ھەر ھالدا ئىزىمنى باستىڭ، — بوۋام بېشىمنى سىلىغاچ كۆزلىرىگە ياش ئالدى، — مەن مۇشۇنىڭغا خوش.

— بوۋا، يىغلىمىغىن، نېمىگە يىغلايسەن، جېنىم بوۋا؟... — ئىچىم ئۆرتىنىپ مەنمۇ يىغلىۋەتتىم.

5

بۈگۈن جۈمە نەرسە كۈلدى، كۆڭلۈم بىر خىل ئوچۇق. ناشتا قىلىۋاتقاندا، مەن بوۋام بىلەن موماممغا يۈزلىنىپ:

— بوۋا، موما، ماڭا دۇئا بېرىڭلار، سەپەر قىلاي، — دېدىم.

— سەپىرىڭ قاياققا بالام؟ — سورىدى بوۋام.

— ۋاي خۇدايىم، نېمە دەيدىغانسەن ئەمدى بالام؟ ئادەمنى غەم قىلدۇرۇپ...— مومام كۆزىنى ياشلىدى.

قۇملۇققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ھېلىقى قەدىمكى شەھەرگە بېرىپ كېلەيمىكىن، دەيمەن، بىر ئۆگە بولسا بولىدى.

— يارايسەن ئوغلۇم! مېنى ئەمدى رازى قىلىدىغان بولدۇڭ، سېنى سۆيۈپ قوياي بالام! — بوۋام لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇرەمگە شاپىلاقلىدى، — ئاق يول بولسۇن، بېرىپ كۆرۈپ كەل، قەدىمكى ئىزىمىزنى كۆرۈپ باق، ئەسلىمىزنى بىلىۋال بالام.

ئېگىز بىر نارتۇگە تەييار قىلىندى. بوۋام بىلەن مومام پېشانەمگە سۆيۈپ قويدى. پۈتۈن يۇرت ـ جامائەت بىلەن خوشلاشتىم. مېڭىش ئالدىدا ئاخىرقى قېتىم كەينىمگە قارىدىم. بوۋام زور ئۈمىدلەرگە تولغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپتۇ؛ مومامنىڭ ئاجىز تېنى يوپۇرماقتەك تىترىگەن، كۆزلىرى ياشاڭغىرىغان...

— خوش!

بۇرۇلۇپلا ئۆگىنى دېۋىتتىم. كەينىمگە قارىغۇچىلىك ھالىم قالمىغان ئىدى. چەكسىز چۆللۈك ... ئۇ مېنى يۇتۇۋېتىدىغاندەك خىرىس قىلماقتا. يىراقتا، كىچىك ـ كىچىك كەپىلەر قارا چېكىت بولۇپ كۆرۈنۈپ قالدۇ...

## بالام چامادانىدا ئىدى

بىر ئادەم بىلەت ئالمايلا پويىزغا چىقىپتۇ. بىلەت تەكشۈرگۈچى ئۇنى بىلەت ئېلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇ كىشى بىلەت ئېلىشقا ئۇنىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، بىلەت تەكشۈرگۈچى ئۇنىڭ چامادانىنى دېرىزىدىن تاشلىۋېتىپتۇ.

— ئاپلا! — دەپ ۋارقىراپتۇ ھېلىقى ئادەم، — بالام تېخى چامادانىنىڭ ئىچىدە ئىدى.

## ئاياغنىڭ ئۆمرى

موزدۇز ئايىغىنى ماختاپ:

— ئەپەندى، بۇ ئاياغنىڭ سۈپىتى بەك ياخشى، ئالسىڭىز زىيان تارتمايسىز، ئۆمۈر بويى كىيىشىڭىزگە چىدايدۇ، — دەپتۇ.

خېرىدار كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:



— مەن ئۇنداق بالدۇر ئۆلۈپ كېتىشنى خالىمايمەن.

## بىراندى ۋە زەھەر

ئارتىس: رېژىسسور ئەپەندى، بىر بوتۇلكا راست بىراندى ھارىقى ئەكەلدۈرۈپ قويغان بولسىڭىز. چۈنكى، راست ھاراق بولمىسا، ئالغان رولۇم راست چىقمايدىكەن؟

رېژىسسور: ناھايىتى ياخشى گەپ بولدى. ئەتىلىككە زەھەر ئىچىۋېلىش كۆرۈنۈشىنى ئالىمىز، زەھەرنىڭمۇ راستىنى كەلتۈرەمدۇق؟

## . . . باھاسى ئۆستى

بىر كىشى سوتقا چاقىرتىلىپ، ئۇنىڭدىن 200 فرانك جەرىمانە ئېلىنىپتۇ، چۈنكى ئۇ قوشنىسىنى «چوشقا» دەپ تىللىغان ئىكەن.

— سوتچى ئەپەندى، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى، — ئۆتكەن قېتىم مەن ئوخشاشلا «چوشقا» دەپ تىللىغىنىمدا، ئاران 150 فرانك جەرىمانە قويۇلغان ئىدىغۇ!

— كەچۈرۈڭ، ئەپەندى، — دەپتۇ سوتچى، — ماڭىمۇ ئامال يوق، چۈنكى ھازىر چوشقا گۆشىنىڭ باھاسى ئۆسۈپ كەتتى.

## قانداق پايدا ئالسەن؟

سائەتچىدىن دوستى سوراپتۇ:

— سەن بۇنچىۋالا ئەرزان سائەتلەرنى تىزىۋاپسەن، ئۇنىڭدىن قانداق پايدا كۆرىسەن؟

— مۇشۇ سائەتلەرنى رېمونت قىلىپ، — دەپتۇ سائەتچى.



## ئاپلا. . .

— ئاپلا! پۇل قاپچۇقۇمنى ياستۇقۇمنىڭ ئاستىغا قويۇپ كەپتىمەن ئەمەسمۇ؟

— ھە، خىزمەتچىمىزنىڭ قولى ئەگرى ئەمەس، دەۋاتاتتىڭغۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق. بىراق ئۇ پۇل قاپچۇقۇمنى ئايالىمغا بېرىپ قويىدۇ ـ ئەمەسمۇ!

## گەپ قىلىش پۇرستى

ئايال: سىز ھەمىشە كېچىسى جۆيلۈپ ياتىسىز، دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقسىڭىز بولارمىكىن.

ئەر: بولدىلا، ناۋادا دوختۇر بۇ كېسىلىمنى ساقايتىپ قويسا، گەپ قىلىش پۇرستىدىن ئايرىلىپ قالىمەن ئەمەسمۇ.

## سۆيۈش تەبىرلىرى

ئاۋىستىرىيىلىك شائىر باجىر سۆيۈشكە مۇنداق تەبىر بەرگەن:

قولاققا سۆيۈش — ھۆرمەت.

مەڭزىگە سۆيۈش — دوستلۇق.

لىۋىگە سۆيۈش — مۇھەببەت.

يۇمۇلغان كۆزگە سۆيۈش — مۇھەببەت ئارزۇسى.

ئالقانغا سۆيۈش — قەدىرلەش.

قول بىغشى ۋە بويۇنغا سۆيۈش — ئارزۇ - ئۈمىد.

ئۇندىن باشقا يەرگە سۆيۈش — ساراڭلىق.

## كىنوخانىدا

گېنتلېر بىر كۈنى يۇقىراچە كېيىنىپ كىنوغا كىرىپتۇ. ئېكراندا گېنتلېرنىڭ ئۇتۇق سۆزلەۋاتقان كۆرۈنۈشى چىققاندا، تاماشىبىنلار ئورنىدىن تۇرۇشۇپ ئېكراندىكى گېنتلېرگە ئۇلۇك قوللىرنى كۆتۈرۈپ بىردەك چاس بېرىپتۇ. پۈتۈن



كىنوخانىدا پەقەت گېنتلېرلا ئورنىدىن تۇرماپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدىكى بىرسى ئېگىلىپ گېنتلېرنىڭ قۇلىقىغا ئاستاغىنە: «بىزنىڭ ھېسسىياتىمىز سىز بىلەن ئوخشاش، بىراق بىز سىزدەك يۈرەكلىك بولالمىغان ھەم ئوچۇق - ئاشكارا ئۇنىڭغا قارشى تۇرالمىغانلا يېرىمىز بار» دەپتۇ.

## قىبرىسى ياخشى

ئەنگلىيىلىك مەشھۇر ئايال يازغۇچى كىبرىستىنىڭ ئىككىنچى ئېرى ئارخېئولوگ ئىدى، شۇڭلاشقا ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھەر قانداق ئايال ئۈچۈن ئارخېئولوگ ئەڭ ياخشى ئەر بولالايدۇ. چۈنكى، ئۇ خوتۇنى قانچە قىبرى بولسا شۇنچە ياخشى كۆرىدۇ».

## «ئىككى يۈزلىمە»

ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى لىنكولننىڭ تەلەتى سەت ئادەم بولغاچقا، دائىم كىشىلەرنىڭ شاڭخوسىغا ئۇچرايتتى. بىر قېتىم بىرسى ئۇنى ئىككى يۈزلىمە دەپ تىللايدۇ. لىنكولن ناھايىتى تەمكىن ھالدا: «ئەگەر مېنىڭ ئىككى يۈزۈم بولغان بولسا مۇشۇ سەت تەلەتىمنى سىزگە كۆرسىتىپ كۆڭلىڭىزنى بىئارام قىلمىغان بولاتتىم» دەيدۇ.

## كىمنىڭ ئايىغىنى مايلايسىز

بىر دىپلومات لىنكولننى زىيارەت قىلغىلى بارغاندا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئايىغىنى مايلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، سوراپتۇ:

— زۇڭتۇڭ تەپەندى، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئايىغىنى ئۆزىڭىز مايلامسىز؟

— شۇنداق، سىزچۇ؟ كىمنىڭ ئايىغىنى مايلايسىز؟

## ئاپتوبۇستا

بىر كۈنى، ئاپتوبۇستا، مەشھۇر ئالىم ئېينىشتېين



كۆزەينىكىنى چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ، ئۇ ئېڭىشىپ ئىزدەپ يۈرگەندە، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان بىر قىز كۆزەينەكنى تېرىپ ئېلىپ ئۇنىڭغا بېرىپتۇ.

— رەھمەت، قىزچاق، ئەجەب ئوماق قىز ئىكەنسىز، ئىسمىڭىز نېمە؟

— مېنىڭ ئىسمىم كىرارا ئېينىشتېين، دادا، — دەپتۇ قىزچاق.

## ئامال بولمىدى

— سەمەت، قۇلۇقىمغا زادى ئىشەنگىم كەلمەيۋاتىدۇ، ئاڭلىسام سىنى توي قىلىۋاپتۇ دەيدىغۇ، راستمۇ؟

— شۇنداق بولدى ئاداش، ئۇنىڭگە كىر يۇغىلىپ كەتتى خوتۇن ئالماي بولمىدى ...

# كىچىككىنە ساۋاق

ھېكايە

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

خوتەندىن قەشقەرگە كەلگەندە دائىم سىرتقا ئېلىپ چىقىدىغان چوڭ سومكامنىڭ سىرتمىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. مەن سومكامنى ئوڭشۇتۇش ئۈچۈن ھېيتگاھنىڭ ئالدىدىكى بازارغا باردىم. ئاشپەزلەرنىڭ، كاۋاپچىلارنىڭ، باققاللارنىڭ خېرىدار چاقىرىپ ھەر خىل رىتىملىق ئاۋازدا توۋلاشلىرى بۇ قايناق بازارنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى. مەن قىستاڭچىلىق ئىچىدە ئارىلاپ يۈرۈپ قولۇپ، ئاچقۇچلارنى، ھەرخىل سومكىلارنىڭ سىرتمىلىرىنى ياسايدىغان كىچىككىنە بىر دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدىم. دۇكاندا ئۈرۈنلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان، ئوتتۇرا بويلۇق قاڭشالىق بىر يىگىت ئولتۇراتتى. ئۇ مېنىڭ قولۇمدىكى سومكىنى كۆرۈپ:

— ئاكا، كەلسىلە، سومكىلىرىنىڭ سىرتمىسى ئۈزۈلۈپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى ۋە مېنىڭ باش - ئايىغىمغا بىر قۇر سەپسېلىپ قارىۋالغاندىن كېيىن، — نەدىن كەللە؟ — دەپ سورىدى.

— ئۈرۈمچىدىن.

— ھە، مۇنداق دېسىلە، ئەزىز مېھمىنىمىز ئىكەنلىغۇ، قەشقەردە خېلى تۇرالا، قەشقەرنىڭ تازا بەلەن ۋاقتىدا كەپلا، كۆپرەك تۇرسىلا، تۇغقانلار باردۇ؟

— ئۇ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭ سوئاللىرىغا تېز لايىقىدا جاۋاب بېرىپ سومكىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم:

— ئۇكام، ماۋۇ سومكىنى قانچىگە ئوڭشاپ بېرىسىز؟

ئۇ ماڭا ئەجەپلەنگەن ھالدا قاراپ: — ماڭا قارىسىلا، سىلە قارىماققا كىچىك ئادەم ئەمەستەك قىلىلا، مۇشۇ سالاپەتلىرى بىلەن باھا تالىشىپ ئولتۇرسىلا سەت تۇرىدۇ، ئۆزلىرى بىلىپ بەرمەملا، سىلىدەك يىراقتىن كەلگەن ئېزىز مېھماندىن پۇل ئالمىساقمۇ ھېچقىسى يوق.... بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرسىلا، — دېدى ۋە كىچىكرەك بىر ئورۇندۇقنى ئالدىمغا سۈرۈپ قويدى. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي ئولتۇرۇپ قالدىم.

ئۇ كىچىكرەك بىر بولىقىنى ئېلىپ سومكىنىڭ سىرتمىسىنى سەندەلگە قويدى - دە، «تاق - تۇق» قىلىپ ئۇرۇشقا، ئامبۇر بىلەن سىرتمىنىڭ ئۈزۈلگەن چىشلىرىنى قايرىپ تۈزەشكە باشلىدى.

بەش مىنۇت ئۆتە - ئۆتمەستىنلا سومكىنىڭ سىرتمىسى ياسىلىپ بولدى. ئۇستام سومكىنىڭ سىرتمىسىنى ئۇياق - بۇياققا ئىككى سىرىۋېتىپ قولۇمغا تۇتقۇزدى. مەن ئۇنىڭ قولىنىڭ ئەپچىللىكىگە قايىل بولدۇم ۋە يانچۇقۇمغا قول سېلىپ:

— ئۇستام، ئەمدى راست گەپنى قىلسىلا، قانچە بەرسەم بولار؟ — دېدىم.

— سىلىدىن پۇل ئالمىساقمۇ بولاتتى. خەير، ئۇنىمايدىغان ئوخشايلا، بوپتۇ، ئون سوم بەرسىلە، — دېدى.

مەن ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. «كۆپ بولسا ئىككى سوم ئالار، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. مانا ئەمدى يېمىگەن ماننىنىڭ پۇلىنى تۆلەيدىغان بولدۇم. ئۇستامنىڭ بايىقى ياغلىما گەپلىرىگە ئىشىنىپ كېتىپتىكەنمەن. قىلتاققا چۈشۈپ قالغىنىمنى نەدىن بىلەي، توۋا، ماۋۇ يىگىتنىڭ قاقباش بولۇپ كەتكىنىنى... پۇل دېگەن ئادەمگە ھەممە ھۈنەرنى ئۆگىتىدىكەن - دە، خەير، بوپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن باھا تالىشىپ تاكاللىشىپ قالسام ئۆزۈمگە بىر مۇنچە كۆڭۈلسىزلىك تېپىۋالغۇدەكمەن...»

مەن شۇلارنى ئويلىدىم - دە، ئاچچىقىمنى ئەستە بېسىۋېلىپ ئۇنىڭغا ئون سومنى ئۇزاتتىم. ئۇ مېنى مەسخىرە قىلغاندەك ھېجىيىپ تۇراتتى. مەن ئىتتىك ئارقامغا بۇرۇلۇپ يولۇمغا راۋان بولدۇم.

شۇندىن بۇيان ھەر قانداق چاغدا باھاسىنى ئېنىق بېكىتمەي سودا قىلمايدىغان بولدۇم، بۇ ماڭا تۇرمۇش سەپىرىدىكى يەنە بىر كىچىككىنە ساۋاق بولغان ئىدى.




بىھۇدە ئاۋارىچىلىق



ئۈنۈملۈك چارە

# 1993年第三期要目


## ●卷首语

把握机遇

## ●特稿

加强民族理论研究……………………………司马义·艾买提

## ●民族经济笔谈

如何抓住机遇迎接挑战……………………………欧阳松

## ●社会经纬

边境一代自治州政府机构如何改革……………………段尔煜　严文法

## ●民族与自治地方

裕固族和肃南裕固自治县……………………………阿里苏亚尔

我的裕固族和我的祁连山……………………………铁木尔

## ●民族与风俗

论风俗……………………………阿布克力木·热合曼

维吾尔族的传说……………………………安尼瓦尔·巴依吐尔

## ●人物

阿布都克里木·纳斯尔及其油画作品……………………………

## ●世界民族

巴基斯坦人口较多的民族……………………………吾买尔毛拉

法国人献花风俗……………………………

## ●民族宝库

维吾尔小刀……………………………阿布都术库尔·买合苏提

策勒刮木精品制做工艺……………………………吐尔逊·艾山

## ●民族论谈

民族心理学浅谈……………………………惕里瓦尔地·艾沙

## ●文摘

电脑下的《古兰经》……………………………

各国妇女特性……………………………

于外国人经商几诫……………………………

国民观念的六大变化……………………………

## ●花坛

老人与甜瓜……………………………瓦里·阿齐力

一件小事……………………………阿布都热苏里



民族团结

（维吾尔文）

●主编

伊德里斯·巴拉提

●副主编

艾克巴尔·艾力

●责任编辑

哈米提·尼格买提

●出版

中国民族团结杂志社

●编辑

民族团结杂志社维编部

●地址

新疆乌鲁木齐市友好南路22号

邮政编码：830000

●印刷

新疆日报社印刷厂

●发行

乌鲁木齐市邮局

●订阅

全国各地邮局

●国外总发行

中国国际图书贸易总公司

国外代号：BM178U

●全国统一刊号

CN11——1557

●邮政发行代号

58——117

# سودىغا كىرىشكەن «يېرىم دۇنيالار»



خۇيزۇلار سودا قىلىشقا ماھىر خەلق. كۆپ يىللاردىن بۇيان پەقەت ئەرلەرلا سودا قىلىپ كەلگەن ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە يېڭى قاراش ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ تەسىرى بىلەن خۇيزۇ خانىم - قىزلىرى ئائىلە ئىشلىرىغىلا ئەمەلدىك بولۇشتىن قۇتۇلۇپ، بازارغا يۈزلەندى. ئۇلار بازارنىڭ تۈرلۈك سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە تىجارەتچىلەر توپىنى شەكىللەندۈرۈپ، خۇيزۇ بازارلىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇردى.







لى خۇي ماقالىسى ۋە فوتوسى

سودىغا كىرىشكەن «يېرىم دۇنيالار»



سەھەر ۋە كەپتەر

ئابدۇكېرىم نەسىردىن سىزغان

ژۇرنال ۋەكالەت نومۇرى: 117 — 58
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: BM 4270
خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: ISSN 1002 — 9184
دۆلەت ئىچىدىكى تىزىملىك نومۇرى: CN 11 — 1557

(《民族团结》维吾尔文版)

باھاسى 1.00 يۈەن